ئەخمەت ئىگەمبەردى نىجادى

# زىنداندىن
# ياڭرىغان ئۇتلۇق سادالار



ئەخمەت ئىگەمبەردى نىجادى

# زىنداندىن
# ياڭرىغان ئوتلۇق سادالار

ئىستانبۇل ـ 1998

باستۇرۇپ تارقاتقۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران
ئادرىس:

Abdul Celil TURAN
Yeni dogan Msh. 41 Sok.
No: 7 D 4 Zeytinburnu
Istanbul - TURKIYE
Tel - Fsx : (0090-212) 6790370



1961 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

Baskı, Cilt:
Bayrak Mat. Ltd. Şti.
Tel. / Fax.: (0212) 638 42 02 - 03 / 638 40 88
İstanbul Eylül 1998

## مۇئەللىپتىن:

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم!

ھاياتىمدىكى ئۇزۇن يىللىق سىياسى تەقىپ، خاتىرجەمسىزلىكلەر تۈپەيلى، سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، ئەزىز خەلقىمگە ئەرزىگىدەك بىر خىزمەتتە بولالمىدىم. يېشىم 60 تىن ئاشقان ۋاقىتتا بولسىمۇ، شۇ قولىڭىزدىكى بىرىنچى توپلامىمنى سىزگە تەقدىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولغىنىم ئۈچۈن بەختىيارمەن. توپلامدا تەسۋىرلەنگەن سەرگۈزەشتىلەر پەقەتكىنە مېنىڭ شەخسى ھاياتى پاجىئەلىرىم بولۇپ قالماي، خەلقىمىزنىڭ كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن كۆرۈۋاتقان ئازاپ - قايغۇ، زۇلۇم - ستەملىرىدىن بىر تامچە... تامچە سۇدا قۇياش ئەكسىنى تاپقاندەك، بۇ توپلامدا قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

دۇنيادا ھەربىر مىللەت ھەم شەخس ئۈچۈن ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكىدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك! قەھرىمان مىللىتىمىز ئەشۇ ئەقدە يولىدا ھارماي - تالماي مۇستەقىللىق كۆرىشىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ...

ئىنشائاللاھ، بۇ كۆرەش ـ مۇستەقىل، ھۆر شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئېچىشى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ، ئامىن!

ئۇزۇن يىللار دىلىمدا پىنھان ساقلانغان شېئىرلىرىمنى يورۇق كۆرۈشتە ياردەم قىلغان تۇرمىداشلىرىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەسىرىمنى ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا شېھىد بولغان ۋەتەن قۇربانلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

ئەخمەت ئىگەمبەردى

ئىستانبۇل، 1998 - يىلى 23 ئىيۇل

## مۇندەرىجە

مۇھەببەت........................................ 2
ئايرىلىش........................................ 2
يىگانە قۇش........................................ 3
مېنىڭ يۇلتۇزۇم........................................ 4
ساباغا........................................ 5
كەچكۈزدە........................................ 6
ئىلتىجا........................................ 7
ئىلي نۇرى........................................ 9
ياغلىقىڭ........................................ 11
قارىغاي........................................ 11
دىدار غەنىمەت........................................ 12
پارچىلار........................................ 13
گۈلۈمگە........................................ 14
غەرىبىگەن........................................ 15
باغۋەنگە........................................ 16
مۇھەببەتنامە........................................ 17
ئويغان........................................ 18
ئانامغا........................................ 21
ئېتەي........................................ 21
قېنى........................................ 22
باھاردا........................................ 23

قىزىلگۈل........................ 24
بىر كۈلى........................ 24
ئۈزۈكنىڭ ۋىداسى........................ 25
مەختۇمسۇلاغا........................ 28

قىز قەلبى........................ 31
غەلەت........................ 35
باي يولىدا........................ 38
ھايات ھەققىدە ئويلار........................ 41
دوستۇمغا........................ 41
ھايات ۋە ئۆلۈم........................ 43
...گە........................ 44
قانلىق خەتلەر........................ 46
تۆمۈر رۆجەك كەينىدە........................ 47
تەگرى بۆز كۆزتى........................ 48
ئىپلىمسەن........................ 52
بايرام ئەرپىسىدە........................ 56
پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيتى........................ 57
تۆن قوينىدا........................ 64
قىش خاتىرىسى........................ 66
مەھبۇس........................ 69
قەشقەر قىزى........................ 71
چىن بەخت........................ 72

مەھبۇس ئايالى ........ 75
باياندايا جېڭگى (داستان) ........ 79
ماناس بويىدا ........ 82
بۇلبۇلغا ........ 85
بۇلبۇل ۋە گۈل ........ 85
سابا يەتكۈز سالامىمنى ........ 86
چولپانغا ........ 88
دۇلقۇنغا ........ 90
ناخشىلار ........ 92
قارا ساچىم ئاقارىپتۇ ........ 92
تورغاي ناخشىسى ........ 93
ئايدۆڭ ناخشىسى ........ 93
دىلبەرگە ........ 95
كەلدىم ........ 97
ئون يەتتە يېشىمدا ........ 98
بادام ۋە شامال ........ 99
بەنجاڭ ........ 101
قارا ساچىڭ ........ 102
سەبىنىشىم تۇرغان داراغا ........ 103
ئەمدى ........ 106
ۋىسال ئارزۇسى ........ 107
رۇبائىلار ........ 108

يېڭى يىل تىلەكلىرى.......................................
110 ..........................................
دوستلۇق گۈلى.......................................
112 ..........................................
زەكىيەگە.......................................
113 ..........................................
شەپقەتكە.......................................
113 ..........................................
كۆل بويىدا.......................................
115 ..........................................
ئۆزبېكىستانغا سالام.......................................
119 ..........................................
ئۇيغۇر قىزىغا.......................................
120 ..........................................
چەتئەللەردە.......................................
121 ..........................................
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق.......................................
121 ..........................................
ئۇلۇغ باشلىنىش.......................................
123 ..........................................
جەھەننەم تۈغلىرى يانسۇن.......................................124
ئانا مېھرى.......................................126
ۋاپادار قالغاچ.......................................130

## شائىرنىڭ ئىجادى ھاياتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرى، پىشقەدەم ئەدەبى ژورنالىست ئەخمەت ئىگەمبەردى ئىجادى 1937 - يىلى ئۇرۇمچى ۋىلايىتىنىڭ بەشبالىق ناھىيىسىدە دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

1952 - يىلى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن شائىر شۇ يىلى مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلىندى. 1953 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن شائىر، ئىنىستىتۇتتا ئوقۇتقۇچىلىققا تاللاندى ۋە بىر يىلدىن كېيىنلا ئۆزبەكىستان ئوتتۇرا ئاسىيا دەۋلەت دارىلفۇنۇنىنىڭ تىل ئەدەبىيات پاكۇلتېتى ژورنالىستىكا بۆلۈمىگە تاللىنىپ، 1961 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، ۋەتەنگە قايتتى ھەمدە يازغۇچىلار ۋە فولكلور جەمئىيەتلىرىنىڭ «تارىم»، «مىراس» ژورناللىرىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. سوۋېتتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ، موسكۋاغا مەخسۇس «ئۇچۇق خەت» يازغان شائىر، بۇ ۋەتەنپەرۋەر جاسارىتىنىڭ دەردىنى ئۆمۈر بويى چەكتى. ئۇ 1957 - يىلى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ كۆرەش قىلىندى، 1964 - يىلى يېزىغا سۈرگۈن قىلىندى، 1966 - يىلى «ئەكسىلئىنقىلاپچى»، «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ جازالاندى، 1969 - يىلى قانلىق تېروردا قولغا ئېلىنىپ، خىتاي زىندانلىرىدا قىيىن - قىستاققا ئېلىندى. 1979 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، بىر مەزگىل ئىشلىگەن بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان شائىر، 1985 - يىلى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئاۋىستىرالىيەگە كۆچۈپ چىقىپ كەتتى ھەمدە ھازىرغىچە ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچى رەئىسى سۈپىتىدە ۋەتەنداشلارنى تەشكىللەپ، ۋەتەن دەۋاسىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ۋەتەنسۆيەر شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى ئىجادى 1992 - يىلى ئىستانبولدا

ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارا قۇرۇلتىيىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا، خەلق ئەدەبىياتىغا باي ئانىسى ـ بىبى رابىيە خانىمنىڭ تەربىيىسىدە ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان شائىر، ناۋايى، مەشرەپ، سادىر پالۋان، ئۆمەر مۇھەممەدى، ئا. توقاي، خ. ئالىمجان، س. ۋۇرغۇن، ئاباي قاتارلىق تۈرك شائىرلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈردى ھەمدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتى. تۇنجى شېئىرىنى 1951 ـ يىلى يازغان شائىر، 1954 ـ يىلى ئەدەبىيات سەھنىسىدە مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە ئازاتلىقنى، ياشلىق ـ مۇھەببەت، دوستلۇقنى تېما قىلغان 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە بىر قىسىم باللادا، داستانلار يازدى. ئۇنىڭ «تارىمدىن خەت» ناملىق داستانى مۇسادىرە قىلىندى. 1963 ـ يىللا مەتبۇئات ھوقۇقى چەكلەنگەن شائىر «تارىم»، «يېڭى ھايات»، «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» قاتارلىق ژورنال ۋە گېزىتلەردە بىر قىسىم شېئىر، ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

مەزكۇر كىتابتا شائىرنىڭ قولىدىكى «ئارمان» ۋە «بەخت ئىزدەپ» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىدىن تاللانغان، ۋە كىللىك خاراكتېرغا ئىگە بىر قىسىم شېئىرلىرى نەشر قىلىندى.

## مۇھەببەت

تۇنجى باھار، ئاسمان رەڭمۇرەڭ يارىدىن،
تەنە بىلەن يەرگە قاراپ سۇ تۆكتى.
يىگىت خاپا قىزنىڭ بىغەم رايىدىن،
قىزپەرىشان كۆزلىرىدىن ئوت ئۆچتى...

يەر كۆتىدۇ- قىزمۇ كۈتەر، كۆپ ئۆتمەي،
بۇلۇت تارقاپ، يەر ياشىندى، كۈلدى كۈن...
بۇلبۇل سايرار گۈل شېخىدا ھېچ ئۆزمەي،
بىر جۈپ سايە گىرەلەشكەن ئايدىڭ تۈن...

بەزەن رەنجىش چىن سۆيگۈگە ھۆسندۇر،
شۇ ھۆسندىن - ئىككى يۈرەك پۈتۈندۇر.

1963 - يىلى، ئۈرۈمچى.

## يىگانە قۇش

ئۇچسەن يىگانە قۇش قېقىپ ئاستا قانىتىڭنى ،
ئاڭلىدىم ئىگىز كۆكتىن سېنىڭ مۇڭلۇق سايرىشىڭنى.

قېنى ئۇ سۆزلۈك ئاسمان ۋىسال بىلەن ئۇچقان چاغلار ،
رەھىمسىز قارا- تەقدىر ئايرىدىمۇ- ئامرىغىڭنى؟

بىلدىمەن سەنمۇمەندەك باغرى يارا خەستە جانسەن،
يۈرۈگۈم قانىغا تولار ھەر ئاڭلىسام زارلىشىڭنى.

## ئايرىلىش

گۈدۈك چېلىپ پويىز قوزغالدى،
ساڭا قاراپ كۆزلىرىم تالدى.
كەتتىم يىراق ساڭا ھەمراھ بۇپ،
مېنىڭ سادىق يۈرىكىم قالدى.

يۈرىكىمنى ساقلىغىن مەھكەم،
مۇھەببىتىم بىر ساڭا ھەمدەم،
ئىشقىم ساقلار سېنى يات قولدىن،
ئىشقىم بولار دەردىڭگە مەلھەم.

يوللار ئۇزۇن يىراققا كېتەر،
ئىشقى زارىم چۆللەردىن كېلەر،
ھىجران يېشىڭ تۆكۈلگەن جايدا،
بىر كۈن ۋىسال گۈللىرى ئۈنەر.

1964 ـ يىلى 7 ـ نويابىر.

تىلىمنى كەستى دۈشمەن سېنى دىسەم،
دىلىمدا سېنى كۈيلــەپ قوشاق قاتتىم.

ئۈچقۈنۈڭ قالدى دىلىمدا چىلىك قېتىدا،
زىمىستــان دەھــشىتىدىن ئاسراپ ياقتىم.

يۈلتۈزۇم پارلىساڭچۇ نۇرۇڭ چېچىپ،
تۈنلىرى سېنى كۈتــۈپ بىدار ياتتىم.

شۇ ئەجرىم ساقلىنارمۇ يۈرۈگىڭدە،
يــا ئىشىق ئازابىنى بىكـــار تـــارتتىم!؟

1965 ـ يىلى قارا قاپچىن، قۇمۇل.

## ساباغا

باھار ئەپيامى جاھان كۈلمىش ئاجايىپ كۈلكىسى بىلەن،
پۇراق ساچىپ سابا كەلمىش يېقىملىق خۇلقىسى بىلەن.

نەزەر سالسام تەبىئەتكە يېشىل لىباس كىيىپ شۇ دەم،
باھار پەيزىدە زوق ئەيلەپ خوشلىشار ئۆيقىسى بىلــەن.

يەردىمەن، سەن كۆكتىسەن، زارىمىز بىر شورلۇق قۇشۇم،
كۆتسەن يار ۋەسلىگە يېتەر قۇتلۇق سائىتىڭنى.

زارلىما، بولۇت تارقاپ كۈنمۇ چىقار چاقناپ بىر كۈن،
يەتكەيسەن مۇرادىڭغا تېپىپ يارۇ- ئادىشىڭنى.

1965 - يىلى، قىش. قاراقاپچىن - قۇمۇل

## مېنىڭ يۇلتۇزۇم

قىرلاردىن - قىرلار ئاشسام، تاغلاردىن - تاغ،
كۆڭلۈمدە سەن يار بارسەن ھەردەم - ھەر چاغ.

نىجاتلىق يۇلتۇزسەن بۇ ئۆمرۈمنىڭ،
تالىلىدىم بەختىم دېدىم ساڭا باقتىم.

پارلىساڭ ئۈمىدىمگە كېپىل بولۇپ،
ئىشقىڭنىڭ دەرياسىدا تولۇپ ئاقتىم.

ئىخ، پەلەك! بۇلۇت توستى نۇرلىرىڭنى،
قاخشىدىم قارا تۈندە يول ئاداشتىم.

مەجنۇندەك كەزدىم ھىجران چۆللىرىنى،
نامىڭنى يادلاپ قانچە داۋان ئاشتىم.

بىراق پەلەك مېنى خورلاپ ئوتلارغا ياقتى،
يىراقلارغا مېنى پالاپ قۇل قىلىپ ساتتى.

يىللار ئۆتەر كۆرەلمەيمەن ئۆز ماكانىمنى،
ئاتــا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققان، قېرىنداشىمنى.

يۇرتۇم تۇرۇپ مەن ياتلارغا بولدۇم خار بەندە،
بىر ئەرزىمەس پېقىر قۇلمەن تۇغقان ۋەتەندە.

ئەركى يوقتۇر قىلغان ئىشىم، ئۆز مېھنىتىمنىڭ،
هالاۋىتىن يــاتلار كۆرەر تۆككــەن تېرىمنىڭ.

ئۇچار مېنىڭ ئەمگە كلىرىم مەشئۇم شامالدا،
يىللار ئۆتـــەر دىل قەپەزدە، تــاغلار قامالدا...

مەن يىغلايمەن يېتەرمىكىن تەڭرىمگە ئاھىم...
قاچانغىچە دەشت - چۆللەردە ئۇچار پەريادىم؟

1966 - يىلى، ياز. كۈنگەيسۇ- داۋانچىڭ

## ئىلتىجا

كۈلۈپ ئويغاندىڭ تەبىئەت پايانسىز كەڭرى ئۆلكەمدە،
كىيىپ رەڭدار ئىسىل لىباس ئاجايىپ پەيزى كۆكلەمدە.

سوئال قويدۇم شۇل ساباغا: «ھىدىڭ ياردى دىماغىمنى،
ئېلىپ كەلدىڭمۇ گۈلباغنى ئۇنىڭ خۇش گۈلچىسى بىلەن؟»

سابا ئېيتۇر: «ئەجەپلەنمە، نىگارىڭ يوللىغان پۇراق شۇلكىم،
خەبەرچىڭ كەلگەن شۇل تەرەپتە گۈلۈڭ بار غۇنچىسى بىلەن».

1966 - يىلى، باھار. كۆنگەيسۇ- داۋانچىڭ

## كەچكۈزدە ...

كەچكۈز چېغى، كەڭ ئاسماندا ئوينار بولۇتلار،
گاھى يىغلار، گاھى كۈلەر ئاسمان تۇررۇپلا.

غەمكىن ئاسمان ھۆسنىگە يەنە غەم قوشۇپ،
ئۆتەر تۇرنا تويلىرى «قۇرۇ- قۇرۇ» دەپ ئۇچۇپ.

ئۇلار بۇندىن تەرك ئېتىپ يىراققا كېتەر،
ئارمان ئەتكەن ئۆز يېرىگە تىز كۈندە يېتەر.

ئەركىن، ئازات ئاۋات قىلار سۆيگەن جايىنى،
قوش بولسىمۇ تاشلىمايدۇ ئۆز ماكانىنى.

سېنى دەپلا تولغۇلسامدىم باھارلىك ئىشقىدا ھەر كۈن،
كۆتەرسەم قەد گىياھىمدەك ساقال كۆككىسىمگە يەتكەندە.

ئانا تۇپراق كۆمسە كۆمسۇنلەر، نە ئارمان، شۇ ئىجادىنى،
روھىم كۈيلەر سېنى مەڭگۈ ئەشۇ غەمخانە قەۋرەمدە...
1966 - يىلى، ياز. كۈنگەيسۇ- داۋانچىك

## ئاي نۇرى

ئاي نۇرى، ئاينىڭ نۇرى تۆكۈلۈ كۆمدىن،
جىلۋىگەر خۇلقى بىلەن مارىلايدۇ...

كۆرىمەن ئاي نۇرىدا ئامرىقىمنى،
بوستاندەك كىرپىكىدىن نۇر تارايدۇ.

ئاي نۇرى ئاشىقلارغا بىرەر ھۆسن،
ئومىقىم تاتلىق كۈلۈپ ئۆز قارايدۇ.

ھە، بۈگۈن ئايغا ئون تۆت - سېھىرلىك تۈن،
بۇنداق چاغ قىز، يىگىتكە زەپ يارايدۇ.

قىنى ئۇ، - دەيدۇ تال - تال ئاينىڭ نۇرى،
كەلمەسمۇ مەشۇقۇمنى بەك سورايدۇ.

كېلىپ يەتتى قوچاغلاشقا پەسىللەر ئەركىسى كۆكلەم،
خىيالدا تەلمۈرۈپ دائىم قوچاغىڭ نازدا كۈتكەندە.

ئاق باشلىق بەلەنت تاغلار ياشاردى قايتا مېھرىڭدىن،
قوياشىڭ جىلمىيىپ شۇدەم نۇرىنى تازا تۆككەندە.

يېشىللىقتا چۆمۈلدى زەپ قىرلار، باغۇ ـ بوستانلار،
شامالّلار قىيغىتىپ زوقمەن يۈزۈڭدىن ئاستا ئۆپكەندە.

كۆزۈم تىكسەم جامالىڭغا بولۇپمەن مەستۇ ـ مۇستەغرىق،
خىيالىم مەۋجى بىر دەريا بىر ئۆرلەپ، گاھى چۆككەندە.

باھارىنىڭ بەزمىسى سازدۇر قېلىشماس گۈل چىرايىدىن،
جاھان كۆيلەر سېلىپ شاۋقۇن كۆزىن يۇمماي‌دۇ بۇ كەمدە.

شۇنچە ئۈز، شۇنچە ئۇماق سەن تەبىئەت ئانا مېھرىڭلە،
كۆرۈنەر چۆللىرىڭ گۈلزار شۇ ياشلىق ئەندى كەتكەندە.

شۇ بۇرتۇم ئەندى خەت چەككەن كېچە تال نەۋدىسى ئەردىم،
دىلىم زارلايدۇ نەس يىللار نۇزۇك قەددىمنى ئەگكەندە.

ئىست ئىنسان، ئىست ياشلىق! تاپارمۇ ئۈز باھاسىنى؟
بۆتەر قانماي گۈل ھۆسنۈڭگە پەلەك چەرخى ئەجەپكەن ـ دە!

سىنى دەپلا تۇغۇلسامدىم باھارنىڭ ئىشقىدا ھەر كۈن،
كۆتەرسەم قەد گىياھىمدەك ساقال كۆكسىمگە يەتكەندە.

ئانا تۇپراق كۆمسە كۆمسۇنلەر، نە ئارمان، شۇ ئىجادىنى،
روھىم كۈيلەر سىنى مەڭگۇ ئەشۇ غەمخانە قەۋرەمدە...

1966 - يىلى، ياز. كۈنگەيسۇ- داۋانچىنىڭ

## ئاي نۇرى

ئاي نۇرى، ئاينىڭ نۇرى تۇگۈلۈ كۈمدىن،
جىلۋىگەر خۇلقى بىلەن مارىلايدۇ...

كۆرىمەن ئاي نۇرىدا ئامرىقىمنى،
بوستاندەك كىرپىگىدىن نۇر تارايدۇ.

ئاي نۇرى ئاشىقلارغا بىرەر ھۆسن،
ئومىقىم تاتلىق كۈلۈپ ئۇز قارايدۇ.

ھە، بۇگۈن ئايغا ئۇن تۆت - سىھرىلىك تۈن،
بۇنداق چاغ قىز، يىگىتكە زەپ يارايدۇ.

قىنى ئۇ، - دەيدۇ تال - تال ئاينىڭ نۇرى،
كەلمەسمۇ مەشۇقۇمنى بەك سورايدۇ.

كېلىپ يەتتى قۇچاغلاشقا پەسىللەر ئەركىسى كۆكلەم،
خىيالدا تەلمۈرۈپ دائىم قۇچاغىڭ نازدا كۈتكەندە.

ئاق باشلىق بەلەنت تاغلار ياشاردى قايتا مېھرىڭدىن،
قۇياشىڭ جىلمىيىپ شۇدەم نۇرىنى تازا تۆككەندە.

يېشىللىققا چۈمۈلدى زەپ قىرلار، باغۇ - بوستانلار،
شاماللار قىيغىتىپ زوقمەن يۈزۈڭدىن ئاستا ئۆپكەندە.

كۆزۈم تىكسەم جامالىڭغا بولۇپمەن مەستۇ - مۇستەغرىق،
خىيالىم مەۋجى بىر دەريا بىر ئۆرلەپ، گاھى چۆككەندە.

باھارىڭ بەزمىسى سازدۇر قىلىشماس گۈل چىرايىدىن،
جاھان كۈيلەر سىلىپ شاۋقۇن كۆزىن يۇممايدۇ بۇ كەمدە.

شۇنچە ئۈز، شۇنچە ئۇماق سەن تەبىئەت ئانا مېھرىڭلە،
كۆرۈنەر چۆللىرىڭ گۈلزار شۇ ياشلىق ئەندى كەتكەندە.

شۇ بۇرتۇم ئەندى خەت چەككەن كېچە تال نەۋدىسى ئەردىم،
دىلىم زارلايدۇ نەس يىللار ئۈزۈك قەددىمنى ئەگكەندە.

ئىست ئىنسان، ئىست ياشلىق! تاپارمۇ ئۆز باھاسىنى؟
بۆتەر قانماي گۈل ھۆسنۈڭگە پەلەك چەرخى ئەجەپكەن - دە!

## ياغلىقىڭ

ئال، - دېدىڭ بەردىڭ قولۇمغا كۆڭلۈمنى ئالدى ياغلىقىڭ،
ئەسلىتىپ ھەردەم سېنى ئوتلارغا سالدى ياغلىقىڭ،
كەلمىدىڭ ۋەدەڭ قۇرۇقكەن بەرگىنىڭ ھىجران چېغى،
سېغىنىپ كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىشقا قالدى ياغلىقىڭ.

1967 - يىلى، ئۈرۈمچى.

## قارىغاي

كۈزچېغى ، مۇدھىش جۇدۇن قوزتراپ ، گۈرۈلدەپ بىر زامان ،
باغ - ۋارانۇ ، تال - تېرەكنى بىر نەپەس قىلدى خازان .
سوقسا بوران ، ئۇرسا يامغۇر ، چۇققىدا مەزمۇت تۇرار ،
گەۋدە كېرىپ شۇجۇدۇندا تەۋرىمەي قارىغاي ھامان .
شاخلىرى سۇندى ۋاقىتسىز يەتتى قارىغايغا شىكەست ،
ياز بويى پىشقان ئۇرۇقلار ئۇچتى بوراندا ھەرتامان .
تەلۋىسە ئاخماق جۇدۇن غالىپ سانايلۇ ئۆزىنى ،
بار ھاياتلىق ئەركىنى قايسى كۈچ يەڭگەن ، قاچان ؟
كەلسە كۆكلەم تۇشمۇ - تۇشتىن بىھېساپ ياش نەۋدىلەر ،
كەڭ زېمىننى قاپلىغاي قارىغايىنى دوراپ شادىمان .

1969 - يىلى ، قىش . ئۈرۈمچى - گوڭئەنتىڭ تۈرمىسى.

ئاي نۇرى، بېرىپ ئويغات ئامرىقىمنى.
يار كېلەر سەندىن ھەرگىز زارلىمايدۇ.

باغ كۈتەر تەشنالىقتا جۈپلىرىنى،
بىز بارماي باغ بەزمىسى قاينىمايدۇ.

باغ كۈتەر، يولىمىزغا ئىنتىزار گۈل،
بىز بارماي بۇلبۇل زوۇقمەن سايرىمايدۇ.

ھاياتلىق شۇنچە گۈزەل ئىشقى بىلەن،
بېغەملەر بۇنى ھەرگىز ئايرىمايدۇ.

ياشلىقنىڭ بۈگۈنى بار، ئەتىسى يوق،
ئاشىقلارنىڭ كېچەر مەڭگۈ قارىمايدۇ.

ئاي نۇرى، ئاينىڭ نۇرى تۆكۈلۈر كۆزۈمدىن،
جىلۋىگەر خۇلقى بىلەن مىجارىلايدۇ...

1966 - يىلى، ئۆكتەبىر. كۈنگەيسۇ - داۋانچىك

ئشقى ئۆتتۈگدا بولدۇم دىۋانــە ،
لېۋىڭ مــەيدىن توشقاز پىيالــە ،
ئىچكۈز سۆيۈگنى دىدار غەنىمەت .

باقساڭ بېشىمدىن كەتكەي بالالەر ،
دەردىم سېنىگدىن تاپقاي شىپالــەر ،
ئۆلسۇن رەقىبىم يــۈزى قارالــەر ،
بەرگىل سۆزۈگنى دىدار غەنىمەت .

كېچەيۇ كۈندۈز سەندە خىيالى ،
بىرساگا ئەيلەپ جانلار پىدايى ،
نامگنى يادلاپ كەلدى نىجادى ،
تۆتقىل گۈلۈگنى دىدار غەنىمەت .

1969 - يىلى، ماي ـ غۇلجا.

## پارچىلار

1

چىن پولاتتەك ئىرادە مەھكەم زىنداندان تىمىلدىن (1)،
ئوكيان سۆيى ئۆتەلمەس پۇختا بولسا كېمىدىن،
بىر كۈن بۇندا ئېچىلار ئازاتلىقنىڭ گۈللىرى،
ھۆرلۈك ئۈچۈن تۆكۈلگەن قەھرىمانلار قېنىدىن.

1969 - يىلى 23 - ئىيۇن، باياندىي ـ غۇلجا

(1) شائىر بۇ شېئىرنى قولغا ئېلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يازغان.

## دىدار غەنىمەت

كۆرۈپ بېغىڭنى ھەيرانە بولدۇم ،
سېنىڭ يولۇڭدا ۋەيرانە بولدۇم ،
ئايدەك يۈزۈڭگە مەستانە بولدۇم ،
كۆرسەت بويۇڭنى دىدار غەنىمەت .

كەلدىم سېنى دەپ شۇنچە يىراقتىن ،
تەنلىرىم كۆيدى ئىشقى - پىراقتىن ،
ئۆتتۇم قانچىلاپ تاپان تۇزاقتىن ،
توسما يۈزۈڭنى دىدار غەنىمەت .

سۆيگۈپەسلىدۇر باھار ئەييامى ،
بۇباغ ۋىسالىنىڭ ئۇلۇغ ئەشيانى ،
بۇندا ئاشىقلار قالماس ئارمانى ،
ئاچقىل كۆزۈڭنى دىدار غەنىمەت .

سازلا سازىڭنى جانلار سۆيۈنسۇن ،
دوستلار شادبۇلۇپ بىزگە كۆيۈنسۇن ،
دۈشمەن قان يۇتۇپ گۆرگە كۆمۈلسۇن ،
كۈيلە كۈيۈڭنى دىدار غەنىمەت .
ھىجران ئىلىدە مەن بىر بىچارە ،

15

# غېرىبىڭمەن

بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ سېنى بىلىپمەن،
سەنەمجانىم ئىشقىڭنى دىلغا سىلىپمەن،
بىلمەك بولساڭ زاتىمنى ئاشىق غېرىپمەن،
بىر ئۆمۈرلۈك تاللىغان يارىم دېگەيسەن.

يىللار ئۆتەر ھىجرىڭدا ھەسرەت باشىمدا،
ياشىم ئەمەس، قان ئاقار تۆككەن ياشىمدا،
چۆل باياۋان يىغلايدۇ مېنىڭ زارىمدا،
چۆللەر ئارا بوزلىغان نارىم دېگەيسەن.

كۈندۈز كۈنمەن ئاسماندا كىزەرمەن شۇتاپ،
يۈرىكىمنىڭ ئوتىدۇر چېچىلغان ئاپتاپ،
تۈنلەر بىدار كۈتەرمەن يولۇڭغا قاراپ،
ئىگىز كۆكتىن قارىغان ماھىم دېگەيسەن.

باغرى تاشتۇر رەقىپنىڭ يولۇمغا چۈشتى،
قوللىرىدا قىلىچى ياقامدىن تۇتتى،
نىگاھىڭنى كۆرەرمەن يا ئۆمرۈم پۈتتى،
ياۋ قولىدا قىينالغان جانىم دېگەيسەن.

1970 - يىلى، ماي. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا.

2

يــاخشىلىق كۆرمۇدۇم نا كــەس زامانلدىن،
كۆپ بىزار بولدۇممەن، قان، ياش، پىغانلدىن،
كۈن، تۈنى زۇلمــەتلىك مۇنداق ھاياتنىڭ،
نېمــە پەرقى بـــاردۇر قـــارا زىنداندىن؟

1970 ـ يىلى ياز، ئۈرۈمچى ـ گوڭگەنتىڭ تۈرمىسى.

## گۈلۈمگە

كاژ پــەلـــەك سالدى جۇدالىق مەنكــى بۇلبۇل ناتاۋان،
شۇل گۈلۈم جۇپ غونچىسىلە قالدى غەمكىن باغ بىلەن.

ئاللىمىزدا بىر ۋىسال بار، ئەي گۈلۈم، سۇلماس چېچەكىڭ،
ئەگمــە مەغرۇر بويلىرىڭنى قايغۇ ـ ھەسرەت داغ بىلــەن.

باققا خۇشتار بۇلبۇلۇڭ گۈل ئىشقىنى تەرك ئەتمەگەي،
ئۇ كېلەر تۈننى يېڭىپ، گۈل ئېچىلغان چـــاغ بىلـــەن.

ئاي ئۆتەر، يىللار ئۆتــەر بىز گـــە ۋىسال يۈز ئاچقـــۇسى،
«كۆرۈشەلمەس مەڭگۈلۈككە ئالەمدە تاغلار تاغ بىلەن.»

1969 ـ يىلى، ياز. غۇلجا

## مۇھەببەتنامە

قۇشلار ئۇچار ئاسماندا يالغۇز ئەمەس جۈپ بولۇپ،
ئۇتەر بەلكىم ھايۋانلار بىر - بىرىگـــــە خوپ بولۇپ.

شۇ يېقىندىن ھەيرانىمەن ئوتتۇك چۇشتى يۈرەككە،
ئوخلالمايمـــەن تۈنلىرى تاڭلار ئاتار يۈپ - يورۇق.

سوراپ باقسام يۈرەككىتىن سەن ئىكەنسەن داۋاسى،
ئاڭلىغىنە، ئەي گۈلۈم، سۆزلىرىمگە دىل قويۇپ.

ئىشقىڭ چۈشتى يۈرەككە پىراق تەككەن بۇلبۇلمەن،
بۇ ئۆمرۈمنى شاد قىلاي گۈللۈرۈڭگـــــە بىر قونۇپ.

بۇلبۇل ئىشقى ئىشق ئەمەس، مېنىڭ ئىشقىم ئەبەتلىك،
ئۆتسەك دەيمـــــەن دۇنيادىن ئايرىلماستىن قول تۇتۇپ.

رازى بولساڭ بۇ گۈزەلدىن ماڭسۇن ئەلچى دوستلۇرۇم،
توي باشلايلى ئۇتتۇز قىز، ئوتتۇز ئوغۇل چىڭ تۇرۇپ.

مەن بىر پېقىر مىسكىنمەن ھالال ئەمگەك - بايلىقىم،
تاپقىنىمنى قويايمـەن توخۇ، ئۆردەك، قوي سويۇپ.

# باغۋەنگە

باغۋەننى بەھرى ئالمىغان باغ ـ باغ ئەمەس، گۈلزار ئەمەس،
بـــاغۋەننى تۇرسا بېشىدا بۇلبۇلى ھېچ خار ئەمـــــەس.

كاژ پەلەكنىڭ دەستىدىن بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى،
باققـــا قوندى زاغىلەر ئۇلار چىمەنگـــە يار ئەمەس.

قەستى زاغنىڭ بۇ چىمەننى ئەيلىمەك بەرگى غازاڭ،
باققا سادىق بۇلبۇلدەك گۈلگە ھېچ خۇمار ئەمەس.

باق ئەنە، زاغ تۇمشىغىنى گۈل تامان سوزماق بولۇر،
ھەيدە باغۋەن قويما زاغنى، بۇ ئاڭا ئازار ئەمـــــەس.

كەلدى كۆكلەم پەيزى بىلەن سەن چىمەننى شادى قىل،
گۈلنى دەپ بۇلبۇل كېلۇر ئۇندىن بېغىم بىزار ئەمەس.

ئەي نىجادى، تۇر غازاتقا، باغنى قىل زاغدىن خالاس،
بەس يېتەر، ئاھ ـ زار بىلەن چىن ئىشق ئىزھار ئەمەس.

1970 ـ يىلى، ياز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

كۆرەش دىمەك ـ بەخت، ھۆرلۈك، كۆرەش ـ شاتلىق،
كۆرەش بىلەن يۈكسىلىدۇ بار ھاياتلىق،
كۆرەشسىز كۈن ـ قۇللۇق تۇرمۇش تاشتىن قاتتىق،
سۆيگەن ئېلىڭ ۋە خەلقىڭنىڭ كۆزى ياشلىق،
ھەق ئادالەت يوللىرىنى ياقلا ئويغان!

ئەزەلدىنلا بىزنىڭ ۋەتەن، بۇ بىزنىڭ يەر،
شۇ يەرنى دەپ قۇربان بولدى مىليونلاپ ئەر،
بىز قان تۆكۈپ، تاڭلار ئېتىپ كەلسە زەپەر،
تەخت بېشىغا چىقىپ ئالدى زالىم خۇمپەر،
ۋەتىنىڭنىڭ ناموسىنى ئاقلا ئويغان!

ئۇ بەرگەنمىش مەزلۇم ئەلگە ئۇلۇغ ئىمكان،
يايرىغانمىش توق تۇرمۇشتا ئىشچى، دېھقان،
شۇملۇق بىلەن ھىيلە ئىزلەپ مىسلى شەيتان،
ئېيتقان سۆزى، قىلغىنىنىڭ بەرى يالغان،
ئەپسانىغا ئەمدى قۇلاق ئاسما ئويغان!

ئەرك دېسە، ئەرك دېگەننى ئاستى دارغا،
بىرنى پالاپ، بىرنى ئاتتى چوڭقۇر يارغا،
ئادەم ئىدۇق بىز ئايلاندۇق پۇشتى خارغا،
بۇ كەڭ ۋەتەن تولدى بۈگۈن ئاھۇ-زارغا،
يۈرۈڭگۈڭدە دەرت ـ ئەلەمنى ساقلا ئويغان!

يـــاد قىلايلى بىر تـــۈنى جۇپ ئاشىقلار روھىـــــى،
لەۋلىرىگەدىن ئىچەيمەن ئىسسىق ـ ئىسسىق چاي قۇيۇپ.

يازسام تۇرسۇن ئېيتمىنى، سارغايتمىغىن يـــۈزۈمنى،
سەتلىمىگىن دۈشكەلەپ، تەتۈر قاراپ دومسۇيۇپ.

قاتتىق سۆزلەر ئېيتمىغىن دىل كۆتەرمەس خورلۇقنى،
غەرىبىگنى رازى قىل، قۇرۇپ كەتمەي ياش تۇرۇپ.

خېتىم كەتتى سەن تامان، يۈرىكىمدە جىق پىغان،
يازغىنىمغا جاۋاپ قىل، قايتۇرمىغىن قۇپ ـ قۇرۇق.

1970 ـ يىلى، ياز، ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## ئويغان

(مۇخەممەس)

تۇر ۋەتەنداش، قارا تۇندە ياتمـــا ئويغـــان،
ئەلەم چېكىپ غەم قايغۇغا پاتمـــا ئويغـــان،
يىتەر قۇللۇق، ئەمدى ھەسرەت تاتما ئويغان،
كەلدى پۇرسەت تىگرىقمىغىن قاتما ئويغان،
ئەلنى ئۇلۇغ كۆرەشلەرگە باشلا ئويغـــان!

## ئانامغا

ئانا ئەركىن يۇرەلمەيمەن كېزىپ كەڭرى دىيارىمنى،
پۈتتۈم زەنجىردە باغلاقلىق نىچۇك بەردىڭ ئاياغىمنى.

ئانا قولنى نىچۇك بەردىڭ قولۇم كويىزىدا ھەر دائىم،
ئېلىمگە ھېچ سالالمايمەن شۇل قەسرۇ۔ سارايىمنى.

ئانا كۆزنى نىچۇك بەردىڭ كۆزۈم پەرق ئەتمىسە ياخشى،
ھـــەق ۔ ناھـــەقتىن سۆز ئاچسام پەلەك قىينايدۇ جانىمنى.

ئانا تىلنى نىچۇك بەردىڭ تىلىمدا قىلچە ئەركىم يوق،
دىلىم زەردابتا خۇن بولدى، ئېيتالماي ئاھۇ ۔ زارىمنى.

ئانا دەيمەن، نىچۇك تۇغدۇڭ، سېلىپ قەلبىمگە بىر ئاتەش،
كۆيۈپ كۈل بولدۇم ھىجراندا كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

ئانا كۈچ بەر شۇ ئوغلۇڭغا بولايمەن رۇستەمى پەلۋان،
يا مېنى پـــەلـــەك يـــۈزتىۈن، يا ئالاي ئىنتىقامىمنى.

1970 ۔ يىلى كۈز، ئوبلاست تۈرمىسى ۔ غۇلجا.

## نېتەي

بىر كۆرۈپ ھۆسنىڭنى جانان مەن ئادا بولدۇم نېتەي،
دىل خۇشى ئاراملىقىمدىن مەن جۇدا بولدۇم نېتەي.

ئويغان دېسە، ئويغانمىساڭ پۇشمان بولۇر،
ئۇ پۇشايمان ئاخىر ساڭا دۇشمەن بولۇر،
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار راست قان بولۇر،
ئەل قوتۇلماي نەس قۇللۇقتىن ۋەيران بولۇر،
قانلىق تارىخ ساۋىقىنى يادلا ئويغان!

ھەيدە ياۋنى يۇرتىمىزدىن ئۆز يېرىگە،
تۇت قورالنى، قۇۋۋەت كىرسۇن شۇ بىلىگە،
ئاچ نىجىسلار قول سوزمىسۇن قان - تېرىگە،
بەخت كەلمەس خوجا بولماي ئۆز ئېلىگە،
كەلدى پۇرسەت ۋۇلقان بولۇپ پارتلا ئويغان!

ئال قورالنى، بايرىقىمغا ئەركىن باققىن،
يۈرۈككىدە ئەل مېھرىدىن چىراق ياققىن،
رەھىم قىلماي زالىم تەختىنى قويماي چاققىن،
كۆرەش بىلەن ئەركىن - ئازات دەۋران تاپقىن،
ئوتلۇق كۆرەش داۋانىدىن ئاتلا ئويغان!

1970 - يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا.

كەلگىن تىزراق، بولما نامەرت، ئۈمرىمىز كۆرسۇن ۋىسال،
كــەلمىسەڭ سۇلماملۇ گۈل يۈرە كتىكى ئارمان قېنى؟

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## باھاردا

بــــاھــــار چـــاغى كىرىپ باققا كۆردۈم تاڭ شامالى بار،
بېغىم گۈللەرگە پۈر كەنگەن ئەجەپ خۇشخۇي جامالى بار.

قىلىپ تاماشا گۈللەرنى باقسام شۇ چىمەنلـــەرگـــە،
قىزىل گۈلۈم چېكەر ھەسرەت ئۈنىڭ خامۇش چىرايى بار.

دېدىم گۈلگە بولۇپ دىلكەش: «نىمە خەندانە كۈلمەيسەن،
نىچۈك غەمكىن بېشىڭ ئەگدىڭ، قۇلۇ گىنىڭ بىر سۇئالى بار؟ »

گۈلۈم ئېيتۇر: «ئەي مەرت باغۇەن، كۈتسەم بۇلبۇلۇم كەلمەس،
ئۈنىڭ ھىجرىدە سارغايدىم، گۈلۇ گىنىڭ نــــە ئامــــالى بار؟ »

دېدىم گۈلگە: «باھار پەيتى ئۈمىتسىز بولما يارىگدىن،
بۇلبۇلۇڭ كېلۇر تاڭدا بۇ ھىجرانىڭ ۋىسالى بار.»

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

بىر بېقىپ شۇ كۆزلىرىدە مەھلىيا قىلدى مېنى،
ئەشۇ نىگار ئىشقىدىن مەن بىناۋا بولدۇم نېتەي.
مىڭ بالالەر كەلسە باشقا ياردىن ئۈمىتنى ئۈزمۇدۇم،
يارنى دەپ چەكتىم ستەم بەختىم قارا بولدۇم نېتەي.

تۆن بىلەن قاتتىق ئىشلىشتىم ۋىسال تېگىنى قوغلۇشۇپ،
ئۇشبۇ يولدا يەتتى زەخمەت باغرىم يارا بولدۇم نېتەي.

بىر ئەمەسۇ مىڭ ئۆمۈردە كۆيلسەم يار ۋەسلىنى،
ئەرزىمەستى شۇ نىگارغا مۇپتىلا بولدۇم نېتـــەي.

1970 - يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## قېنى

باغلىرىم تۆكمەكتە ياپراق گۈل ئۈزار جانان قېنى،
گۈللىرىمگە مەڭگۈ خۇشتار ئاشىقى رىزۋان قېنى.

ئۆتتى يىللار، غەمدە دىللار، ھىجرىدە مەن كۆيگىلى،
كېلمـــەن دەپ كەلمىدى ئول ۋەدىسى يالغان قېنى.

تۈن كېچە زۇلمەت ئىچىدە دىلبىرىڭ ئىزلەر ھامان،
شۇم رەقىپكە نەيزە ئۇرغان شىر يۈرەك پەلۋان قېنى.

ئەركىنلىكتۇر شۇئارىم ، چاشتىم ئوتلۇق ئۇشقۇنلار ،
بۇ قاراڭغۇ زىمىندا يانار گـــــــۈلخـــان بىر كۈنى .

نېسىپ بۇلار يا بولماس تاڭ جىلۋىسىن بىر كۆرمەك ،
نېمـــە ئارمـــان تاڭنى دەپ بولسام قۇربان بىر كۈنى .

كۆمۈلسەممۇ تۇپراققا روھىم كېزەر شاتلىنىپ ،
ئازات ۋەتـــەن باغرىنى گۈلى خەندان بىر كۈنى .

1970 - يىلى ، كۈز . ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

(1) توختى قۇربان - شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ غوللۇق تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ گېزىتخانە ۋە نەشرىيات ئىدارىلىرىدا مەسئۇل خىزمەتلەردە ئىشلىگەن ئاتاغلىق ژورنالىست. 1970 - يىلى 29 - ماي ئۇرۇمچىدە كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن شەھىت قىلىنغان.

## ئۇزۇكنىڭ ۋىداسى (1)

كۈز چېغى، كەڭ ئاسماننى باسقان زۇلمەت،
يالغۇزمەن، زىندان ئىچرە دىلدا ھـــەسرەت.

## قىزىل گۈل

باھار كەلمەي باغلارغا باغـــۇ ـ بوستان بولامـــدۇ؟
قىزىل گۈلۈم ئېچىلماي بۇلبۇل كېلىپ قونامدۇ؟

تېپىشماستىن شۇباغدا بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈل،
غەمكىن كۆڭلى باغۋەننىڭ چىن شاتلىققا تولامدۇ؟

كەلدى باھار. گۈلباھار. كەلدى ۋىسال دەملىرى،
قەرەلىنى كۈتمەستىن قىزىل گۈلۈم سولامدۇ؟

بۇلبۇل ئىشقىن سۆزلەر گۈل چىن ۋاپاغا ئەھد قىلىپ،
ئەركە، بىزەڭ شاماللار ئەركىلەتـــــە ئونامـــــدۇ؟

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## بىر كۈنى

( يولداش توختى قۇربانغا بېغىشلايمەن (1) )

زالىم پەلەك كۆزلەردىن ئاققۇزدى قان بىر كۈنى ،
شۇندىن باشلاپ ماكانىم بولدى زىندان بىر كۈنى .

مىڭ دوزاقنىڭ ئازاۋى دۇچ كەلسىمـــۇ زىنداندا ،
باش ئەگمىدىم جاللاتقا سۆزلەر ۋىجدان بىر كۈنى .

بۇ تۇپراق - مېنىڭ تۇققان ئانام بولــۇر،
قان - تېرىم تۆكمەك ماڭا بەختۇ - ئامەت.

ئۆستۈممەن ئۆز يېرىمدە ئەركىن - ئازات،
قىلمىدىم يات ھەققىگە قىل خىيانــــەت.

سەن ياتسەن، سەن قاتىلى گۈل ئېلىمنىڭ،
تۇغۇڭدىن ياغار ئاچلىق، قان، جاھالــەت.

بېرىپ ئېيت بېيجىڭدىكى خاقانىڭغــــا،
كېرەكمەس ئۆلدىن بىزگە«زور شاپائەت»

بۇ تۇپراق - ئەشيان ئەمەس ساڭا گۆردۇر،
چۈش كۆرۈپ قىلما بۇندا سەن خىيالەت!»

ئورنىدىن چاچراپ تۇرار جاڭجۇن خىتاي،
قىلالماي سۆزلىرىمگە سەبرۇ - تاقــەت:

«بەس يېتەر، ئىسيانكارلار سادىق نەسلى،
لەۋزىڭگە كەلتۈرمىدىڭ قىل ئاھانەت.

تارتۇغۇم ساڭــــا ئەمدى ئۆتكـــۈر پالتا،
باتۇرلۇق شۆھرىتىڭنى قىلاي ھۆرمەت!»

جۇدالىق كۆلى بۇگۈن ـ ئاخىرقى تۈن،
نە ئىدى ياندا بولسا مۇڭداش ـ ئۈلپەت؟

نە ئىدى قۇش بۇپ ۋەتەن ئاسمىنىدا،
قەدىردان ۋادىلارنى كەزسەم بىر رەت.

ئۇھ، كۆيــــەك! يانار يۈرەك، يالغۇز باشقــا،
ھەي نۇزۇك، چۈشكەن تاغدەك ئېغىر كۈلپەت.

قەلبىمدە ۋەتــەن مېھرى، ئەرتە تاڭدا،
بارۇرمەن مويتۇگۈزىغا (2) تۈزۈپ قامەت.

بويىنۇمدا قائىلىق قۇۋۇق، پۇتتا كىشــەن،
تۇرغاندا ئۆلۈم كۈتۈپ سوڭغى سائەت.

ھەيران بۇپ سورار مەلئىن جاڭجۇن خىتاي:
«ئىسيانچى، نىچۈن قىلدىڭ سەن جىنايەت؟

بېيجىڭلىق ئۇلۇغ خاقان پاناھ بولســـا،
ئېلىڭغا شۇ ئەمەسمۇ زور سائادەت؟»

مەن دەرمەن: «ئەي، قۇللۇقنىڭ ھۆكۈمرانى،
دىلىڭغا مەڭگۈ ياتتۇر ئەرك، ئادالـــــەت.

قېنى ئۇ چىن تۆمۈر يۈرەيدۇ تاغدا؟
ھالىڭدىن خەۋەردار، يا بولماي ئاگاھ،
كۆزەت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

يالماۋۇز قاتىلى كۆزلىگەن ئۆمرۈڭنىڭ،
زەھەرلىك قوزغۇنى غۇنچە گۈلۈڭنىڭ،
يۈزىگە چۈشكەن داغ يورۇق كۆزۈڭنىڭ،
ئۇنۇتتۇڭ سۆزلىرىنى بولدۇڭ ياۋغا خار،
دەردىڭدە كۆزۈڭ- تۈن ئاكاك بىقارار،
كۆزەت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

بۇۋىلار ماكانى باغلىرىڭ خازان،
باتۇرىڭ دىلىدا ئىنتىقام، پىغان،
تۈنلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاشار تاغ - داۋان،
دۈشمەنگە چەيلەتكەيمۇ پاك دىيارىنى،
نامەرتكە خار ئەتكەيمۇ جىگەر - باغرىنى،
كۆزەت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

خان تەگرى پاسبان باتۇر بېشىغا،
بۇۋىلار روھى يار قۇتلۇق ئىشىغا،
ۋاپادار دوستىنى ئېلىپ قېشىغا،

شۇندامەن ۋىدا ئېيتىپ ئانا ئەلگــــــە،
كۆتەككە باش قويارمەن تېپىپ راھەت...

قار- بوران، جۇدۇن - چاپقۇن ئۆتەر يىللار،
قەۋرەمدىن ئىزمۇ قالماي يۇتەر پەقەت.

ياشايمەن «ئەركا» دېگەننىڭ تىلىگىدە،
ئەۋلاتلار ئۆمرى بىلەن ياشاپ ئەبەت...

1970 - يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

(1) نۇزۇگـۇم - ئۇيغـۇر خەلقىنـىڭ 19 - ئەسـىردىكى مانجـۇ ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۆرىشىدە قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىپ، مەرتلەرچە قۇربان بولغان مىللىي قەھرىمان.

(2) مويتۇگزا - ئىلىدىكى جازا مەيدانى.

## مەختۇمسۇلاغا

(چىن تۆمۈر ھىكايىسىنى ئەسلەپ...)

دەرىخا، ئەي مەختۇم، قىلتاققا چۈشتــۇڭ،
ئۆزغۇ، دەپ يالماۋۇزغا نىچۈن يول تۇتتۇڭ،
قېنىڭنى ئىچتى شۇم داغدا قان يــۇتتــۇڭ،

## قىز قەلبى

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقــى...
مەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان تونۇش قىرغاقتىن.
كۆڭلۈمدە ھەسرەتنىڭ قانلىق، ياش دېغى،
كېلىمەن يارىمنى ئەسلــەپ يىراقــتىن...

گۈپــۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
شۇ ئۆتكــەن دەملەرنى سېلىپ يادىمغا،
بۇندا بىز تەڭ ئۆشلەر ھەر باھار چېغى،
كۆكلەمنى قۇتلىغان كۈنلەر ئالدىمدا...

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پــۇرىقى...
ئۇ چاغلار بىلمەيتتۇق قايغۇ- ئەلــەمنى.
كۆڭلىمىز خوشلۇقتا، تۇمەننىڭ سۈيى،
سۇغارغان بىز سۆيگەن يېشىل چىمەننى.

گــــۈپــۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پــــۇرىــقى...
شوخ، بەگۈاش دوستلۇرۇم قەۋەت كۆپ ئىدى.
شــــۇلارنىڭ ئىچىــــدە شوخلاردىن بـــــرى؛
كۆڭلۈمنىڭ خوشلىقى- ئىجىل جۈپ ئـــدى.

قەلبدە ئەل مېھرى، مەختۇم سوۋلاسى،
ئاستىدا ئاق بوز ئېتى، قېلىچ ھەمراسى،
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

يەتتە ئەمەس، يەتتە مىڭ بولسۇن ياۋ بېشى،
ئۇنى ھېچ قۇتقۇزالماس سىرلىق تىلسىمى.
باتۇرنىڭ قولىدادۇر كاززاپىنىڭ جېنى،
ئەل ئۈچۈن ئالماستىن قانلىق ئىنتىقام،
باتۇرنىڭ يۈرىكى تاپارمۇ ئارام؟
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

ئۆپۆق ئاقارماقتا، ئاكاڭ مەرت كېلۇر،
كەڭ زېمىن ياشنىغاي، چۆللەر گۈل بولۇر،
كۆزۈڭدىن مەڭگۈلۈك ياشلىرىڭ قۇرۇر،
كۆت ۋىسال تېڭىنى، كۆزۈم قاراسى،
نىجادىڭ سەن كەبى ھەم ئاتاڭ مەھلىياسى،
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى غۇلجا

جىگدىلىك باغلىدى سۆيگۈ رىشتىنى،
ئۇنى ھېچ ئۇنۇتمىدى ئۆتسىمۇ يىللار.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
چىمەن ۋىسال كۈيىنى ئېيتىدۇ ئاستا.
پەلەك خازان قىلدى كۆڭلۈم بېغىنى،
ئويناق كۆزلىرىمنى تولدۇردى ياشقا.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئەي پەلەك، يارىمدىن سەن قىلدىڭ جۇدا.
ۋەتەننى سۆيگىنى شۇمۇ ئەيىبى،
مىڭ لەنەت! ساڭا ئەي «بېيجىڭلىك خۇدا»

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
قېنى ئۇ، چىمەندىن قېنى بىر نىشان.
جىگدىلىك تۆزۈندە تىكەن سىملىرى،
ياشلىق ھەسلىرىمنى خورلايدۇ زامان.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئەمدى بۇ چىمەنلەر قاپتۇ سارغىيىپ.
جىگدىلىك يېنىدا زىندانىنىڭ تېمى،
قارايدۇ بەختىمگە ھەردەم ئالىيىپ.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
تەگتۈشۈم ـ تام قوشنا بىر تەنتەك بالا.
تاللاردىن ئات مىنەر، مەنمۇ ئىشەنتىم
بېشىمغا چەمبىرەك، چېچىمغا جالا...

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
تەگتۈشۈم رەنجىتىپ دەيتتى: «ھاماقەت».
بىر دەملىك ماي تارتىپ ئىزدەيتتىم ئۇنى،
باللىق جاگجىلى بىلمەس ئاداۋەت.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئوينانتۇق ئويۇننىڭ قېپىنى يىرىپ.
كۆن قايتسا قايتاتتۇق باللىق بېغى،
قالاتتى دەستىلەپ گۈللەرنى بىرىپ...

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
مەكتەپكە يول ئالدۇق تەگتۈشۈم بىلەن.
قوللاردا «ئېلىپبە»، دىللار يورىدى،
ئانامدەك ئاسرىغان بۇ ئەزىز ۋەتەن.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ۋەتەن مېھرى بىلەن تۇلغايدى ھىسلار.

كۆڭلۈمدە ھەسرەتنىڭ قاننىق ياش دېغى،
كېلىمەن يارىمنى ئەسلەپ يىراقتىن...
1970 - يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

## غەلەت

ئېلىم كەڭ ئەزەلدىنلا ماڭا ئەشيان،
ئەجداتلار قان - تەر تۆكۈپ ئەتكەن بوستان.
ۋەتەن دەپ تالاي مەرتلەر بولۇپ قۇربان،
ئېلىمگە ئەندىگىنە كەلسە ئىمكان،
كەلدىڭسەن بولماق بولۇپ پۇشتى - پاناھ،
ئىشەندىم بىر ئۆززۈمگە تاپتىم بالا،
ھەي لوۋاك، شۇندا قىلغان ئەھدىڭ غەلەت.

بايلىقى بەختى ئىدى گۈل ئېلىمنىڭ،
بار بايلىق مۇسىدۇر قان - تېرىمنىڭ،
يېتىمى يانا بولدۇم يات ھېكىمىمنىڭ،
ئۇسسۇزلۇقى مېنىچ قانمىدى بۇ دىلىمنىڭ،
يەر، بايلىق بۇ كەڭ ۋەتەن ئۆززۈمگە يات،
نامەرتكە بىر قۇل بولدۇم چە كىتىم پەريات،
ھەي لوۋاك، ئاتا قىلغان پەخرىڭ غەلەت!

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
چىمەننىڭ ھۆسنىگە داغ بۇپتۇ زىندان.
ئامرىقىم ياتقاندۇ ئەسلەپ جىگدىنى،
قەدىناس شۇ يەردە چېكىپ دەرت - پىغان.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
كۆزلىرىم ئۆتىلدۇ تەشۋىشتە، غەمدە.
ئاققاندا تۈمەننىڭ لايقا سۇلىرى،
يۈرەكنى ئىزىلدۇ ھەسرەت - ئەلەمدە.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
چىن باھار كەلسىدى، كۈلسىدى ھايات.
سولاشقان ۋەتەننىڭ گۈل چىمەنلىرى،
ياشنارمۇ قايتىدىن، بولارمۇ ئاۋات؟!

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئۆمرۈمنىڭ مەزمۇنى دىلغا خۇمالىق.
باھارنى كۆرمىگەن قەلبىمنىڭ گۈلى،
كۆتمەن دەرت چەككەن يارىمغا تالىق.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
مەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان تونۇش قىرغاقتىن.

بولدۇممەن ئۆز يۇرتۇمدا غېرىپ ـ غۇرۋا،
تۇغۇشلۇق باسالمايمەن بوينۇم قىلـــدا،
يۈزۈمنىڭ نۇرى كەتتى قايغۇم دىلــدا،
باللىرىم كۆرەلمەيمەن ئايدا، يىلـــدا،
يۈرۈيمەن ئۆز يۇرتۇمدا قانلار يۇتــۇپ،
جۇت بۇلۇت يۇلتۇزۇمنى ئالغان توسۇپ،
ھەي لوۋاڭ، ۋەدە قىلغان دەۋرىڭ غەلــەت!

ماختايسەن قۇياشىم دەپ بىر قاۋاننــــى،
شۇ قۇياش يورۇتارمىش بار جاھاننــــى،
زالىمغا چوقۇن دەيسەن قىيناپ جــاننــى،
بەخت ئەمەس، كۆردۇم ئاققان دەريا قاننى،
ئۇ قۇللۇق، جاھالەتنىڭ شۇم خۇداســـى،
بويىندا مىليون جاننىڭ قان قىســاســـى،
ھەي لوۋاڭ، ناۋا قىلغان شەمسىڭ غەلــەت!

ئەرك دىسە، ئەرك دېگەننىڭ تىلىن كەستىڭ،
ئەل دىســـــە، دۇمبىسىدىن تاسما ئەشتىڭ،
قان تۆكۈش، بەدنام توقۇش سېنىڭ قەستىڭ،
ئېيتقىنا زۇ تاغاڭدىن بارمۇ پـــــەرقىڭ؟
ئېلىم قۇل، زارلار تۈندە ۋەتـــەن ۋەيــران،
كەڭ تۇپراق ئۆزەم ئۈچۈن بولدى زىنـــدان،
ھەي لوۋاڭ، ساپا قىلغان ئەركىڭ غەلـــەت!

دان تېرىپ قوناق يىلىم ھېچ تويمۆدۇم،
مال بېقىپ ئوت ـ چۆپ يىلىم گۆش كۆرمۆدۆم،
جاي سېلىپ ئايۋان ئىچرە مەن قولمۆدۇم،
ئىشىمدىن بەرىكەت ئۆچتى، ھېچ ئۆتكۆمۆدۆم
مېغىزىنى قان ـ تېرىمىنىڭ چاقار ئالچاق!
دۇنيادا ناتاۋانمەن بولدۇم قاشاق،
ھەي لوۋاڭ، تاپا قىلغان بەختىڭ غەلەت!

باغۋەنمەن ئۆمرۆم بۆيى كۆچەت ئەكتىم،
ئەجرىمگە ئىلىم ئىغىز تەگسە دەتتىم،
ئىلىم ئەمەس، بالام دەيدۇ: «جىگدە يەتتىم،»
ھەيرانمەن كىملەر ئۆچۆن جاپا چەكتىم،
تۆشۆيسەن قالسۇن ئازراق جىگدە، قاقمۇ،
ئاچ نەپسىڭ تويماس ھېچ بىر كۆيىقاپمۇ،
ھەي لوۋاڭ، شىپا قىلغان قەنتىڭ غەلەت!

توقۇيمەن كېچە ـ كۆندۆز ئەتلەس، گىلەم،
بۆ مېھنەت مېنى ئەزدى كۆزۆمدە نەم،
يۆرىكىم قېنى ئاقار مېلىم كۆر كەم،
يۆرىسەن زىلچەم ئۆززە دەسسەپ بىغەم،
رەھىمسىز تاشيۆرەكسەن ئۆتتا ياندىم،
ئالقانچە كىگىزىم يوق يەردە قالدىم،
ھەي لوۋاڭ، جاكا قىلغان شەرىڭ غەلەت!

ـ يولوچى مېگىپسەن مەنزىلىڭ قاىيان،
نىچۈن چۆللەر ئارا يالغۇز كېزىسەن؟
بىلدىم بىر دەرتمەنسەن، سەپىرىڭ يامان،
پەيلىڭدىن قايت، چۆلدە بىكار ئېزىسەن.

ـ قېرىنداش، سورىمىغىن شۇ دەمدە ھالىم،
كۆيگەن دىل يارامغا ئاچچىق تۇز سەپمە!
غەم ـ قايغۇ، ئەلەمگــــە مۇشتاق ئاۋازىم،
تىنچ قوي، ئازار بىرىپ تارىمنى چەكمە!

جاپاكەش ئوغلىمەن، مېهنەتكەجەش ئەھلى،
شۇ ئۆسكەن ماكانىم گــــۈزەل باي ئىدى.
بوۋىلار مەرت ئۆتكەن قوينى كەڭ، سېخى،
تۇپرىغى زەپ مۇنبەت ئەجەپ جاي ئىدى.

باغ خازان، ئەل ۋەيران، قالمىدى گىيا،
ئۆلۈم ياغدۇراتتى ئاچلىق ۋابـــــاسى...
جۇت بۇلۇت لەيلەيدۇ كۆرۈپ تاماشا،
كۆتكىنى ئەشۇدۇر ـ نەق مۇددىئـاسى...

ئانامنى، باللىرىم قولۇمدا كــۆمدۇم...
باشقىغا كەلگەندە قالمىدى ھـــالىم.

بىلدىمەن مەن يېغلىسام، سەن كۈلسەن،
بېشىمدا ياڭاق چېقىپ سەن يۈرسەن،
دەردىمنى ئۆزەم بىلىپ جىم يۈرىمەن،
خەپ توختا كىملىكىمنى بىر كۆرسەن،
ئىشەنمە قانلىق قامچا، قوياشقا،
تىقارمەن سامان قاپلاپ شۇ پوستۇڭغا،
ھەي لوۋاڭ، شۇ ئىشەنگەن تەختىڭ غەلەت!

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## باي يولىدا

( 1960 ـ يىل باي پاجىئەسىنىڭ قۇربانلىرىغا (1) )

كۈن غۇبارلىق، كۆكنى چاڭ باسقان،
كۈز شاملى توختىماي بەرگ ـ غازاڭ تۆكەر.
باي يولى قايغۇلۇق، مىدىرلاپ ئاران،
شۇ يولدىن ناتاۋان مۇساپىر كېلەر.

چەكمىنى ئۆشنىدە، رەڭگى ئۆچۈپتۇ،
سويلىدا باغلىغان ئاجىز بىلىنى.
گەۋدىسى قۇرۇق تۆش، قەددى يا بۈپتۇ،
قەۋەتلەپ گەز باغلاپ قاپتۇ لىۋىنى.

بارسەن تەقدىرنىڭ مۇشكۈل يوللىرىن،
قىسمىتىڭ تاپارمۇ شاتلىق، ھــالاۋەت!
بارسەن ئىشلىرىڭ كەلسۇن ئوڭىدىن،
يولۇچى، يولۇڭ ئاق، بولغىن سالامــەت!

1970 - يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

(1) 1945 - يــىلى ئاقــســىنى ئازات قــىلــغــان شــەرقــىي تــۈركــىســتــان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسىنى قوللىغان باي خەلقىدىن ئۈچ ئېلىش مەقسىتىدە، خىتاي جاللاتلىرى 1960 - يىلى سۈنئىي ئاچارچىلىق ئاپىتى پەيدا قىلىپ، ئىسكىلاتلاردىكى ئاشلىقنى پېچەتلەپ قويۇپ، پۈتۈن باي ناھىيەسى خەلقىنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈردى. بۇ خىل قاتىللىق باشقا جايلاردىمۇ يۈز بەردى. قاتىل خىتايلار جازالىنىش ئورنىغا ئۈستۈرۈلۈپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى.

## ھايات ھەققىدە ئويلار

( سېكىل )

دوستۇمغا

ھاياتلىق ئېقىن دەريا - ئۆمۈر ئۆتــەر ،
ئەر ئۆمرى ھاياتلىققا بىرلا نەپــەس .
ھاياتلىق ئەل ئىشقىلە قىممەت گۆۋھەر ،
بىھۇدە خىياللارغا بۆلمە ھــەۋەس .

بايى ئەمدى مازاردۇر، تاشلىدىم يۇرتۇم،
قېرىنداش، سورىساڭ ئېغىر گـــۇناھىم.

پەلەك يار بولمىدى بەختىمگە ياتكـــەن،
بەرىكىلىك قازىنىمنى ئۆردىيۇ چـــاقتـــى.
پەلەك گۈل ئەمەسكەن، باغرىمغا تىكەن،
مېنى زار قاخشاتتى، ئوتلارغـــا يـــــاقتى.

كېتەيمەن باش ئېلىپ يىراق يەرلەرگـــــــە،
كۆرمەي شۇ يۇرتۇمنى كۆرۈش بەك ئازاپ.
بەلكىم بار، ئەجىلىم دەشتى چۆللـــــــەردە،
يا، ياقا يۇرتلاردا بولارمـــــــــەن خاراپ...

كەتتىمگەن ئاستىلاپ جىم قەدەم تاشلاپ،
شۇ غەمكىن سۆرىتىڭ كۆزىمدە قالــدى.
كەتتىمگەن ھەسرەتتە يوللارنى ياشلاپ،
ئايانچلىق سۆزلىرىڭ سۆزۈمدە قاـــلدى.

بارىســـــــــەن يىراقتا، قـــۇياش پاتماقتا،
بېشىڭدىن كەتمەپتۇ زۇلمەتلىك بولۇت.
بارىسەن مىدىرلاپ غەمكىن ئۇپـــــۇقتا،
گاھىدا كۆرۈنۈپ، گــــاھى يوقۇلۇپ.

قەترەم بار، سەنمۇ دىگىن قان ، ياش ، تەردە ،
ئەل غېمى ، ئەل ئىشقىنىڭ ئەجرى ئۆلمەس .
1970 - يىلى ، كۈز . ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

## ھايات ۋە ئۆلۈم

( ل . مۇتەللىپكە )

ئىخ ئۆلۈم ، رەھىمسىزدۇر دەھشەت شۇنچە ،
شــــۇ ئۆلــۈم ھاياتلىقنى ئىجىل - گېزەك .
بەزىدە سۇلار گۈللــــەر ، سۇلار غۇنچە ،
ئۆلۈم بار ھاياتلىقتا مەڭگــــــۈ بىزەك .

ئۆلۈم ھېچ دەھشەت ئەمەس ، بىلسەڭ ئەگەر ،
ساتقۇنلۇق - ئىشت قەۋمدە ئۆلۈش دەھشەت .
سادىق قەلب ، مەرت شېھىدلار ئۆلمەي ئۆتەر ،
دىللاردا تەڭرى كەبى كۆتۈرۈپ قــــەد .

ئۆلۈم بار ، مىڭ تىرىكتىن ئۆلۈغ ھەتتا ،
تۇغ بولۇپ يول باشلايدۇ بار ھاياتـــقا .
1970 - يىلى ، كۈز . ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

هايات بار شۇنچە قىسقا ئۇنىڭ شانى ،
مىڭ يىللار مەنزىلنى بېسىپ ئۆتكەن .
ئەلنى دە، هاياتلىقنىڭ شۇ مىزانى ،
ئۇنىڭسىز هايات بىر ئىز قۇمغا چۈشكەن .

بۇ ئۆمرۈم - بەختىم دەيدۇ نەس ساتقۇنلار ،
ياش ئاققان چاناقلاردىن مەيلەر ئىچىپ .
يات دۈشمەن ئىشىگىدىن يالاق يالار ،
كۆرەڭلەر ئەل بەختىنىڭ كۆزىنى سېتىپ .

قورقاقلار راھەتنى دەپ ساتار بىرىن ،
تاپقىنى ئالتۇن ئەمەس ئىسسىق گەندە .
تور ئوغلان ، ئاقلا ئەلنىڭ ئار - نومۇسىن ،
بولمىغىن ياۋۇز ياۋغا مىسكىن بەندە .

قانات ياز جۇدۇنلۇق كۆك تۇمانلاردا ،
چېلىشچان قەيسەرلەرنى سۆيەر هايات .
قاغىدەك پانا تاپما داڭدىلاردا ،
ياشىغىن بۈركۈت بولۇپ قېقىپ قانات .

كۈن كېلەر ، بىر كۈن كېلەر مەزلۇم ئەلگە ،
ئەل بېغى كۆيسە كۆيەر ، بەختى كۆيمەس .

سۇ دىسەڭ بېرەر ھايات ئاچچىق ئاغــۇ،
بېشىڭنى تاغــدەك باسار ئازاپ - قايغــۇ.

كاش پەلەك بىزار قىلغان ئېغىر دەملــەر،
نالىما ئۆز بېشىڭدىن ئېلىڭنى كــۆر.
مىليون جان چېكەر تۆلدە دەرت ئەلەملەر،
چەيلەنگەن ياۋ ئاستىدا بېغىڭنى كــۆر.

ئەل غىمى، ئەل قايغۇسىن ئۆز غېمىم دە،
سەن بىلسەڭ مەزلۇم ئەلنىڭ بىر پارىسى.
ئەل تاپسا سائادەتلىك يورۇق كۈنلــەر،
ئوڭشىلار يۈرىكىڭنىڭ دەرت - يارىسى.

كۆيتە كۈچ، كۆيتە قۇدرەت كۆيكە باققىن،
ئەل باركىم تەرك ئەتمەس بەخت قۇشـــــى.
دولقۇن بوپ ئەل بىلەن تەڭ ياۋنى بــــاسقىن،
غالىپتۇر ھەق - ئادالەت كۆپنىڭ كــۈچى.

كىرمىگىن ئۈمىتسىزلىك كــــۈچىسىغا،
ئەجرى قىل، سەبرىسىزلىك پەيلى شەيتان.
بۇگۈنكى ئەرزىمەس گـــۈل غونچىسىدا،
يۈز ئاچار كۈتكەن گۈلۈڭ كۈلۈپ خەندان.

1971 - يىلى، قىش. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

## ئۆزەمگە

هاياتلىق بىرلا ئۆتكــــەل بىز كېتىمىز ،
بىر ـ بىرلەپ كۆمەر بىزنى ئانا تۇپراق .
يۇقۇلار سايە ئوخشاش بۇ جىسمىمىز ،
تۇققانلار زارلاشسىمۇ يىغلاپ ئۇزاق . ...

ئۇنتۇلماس قىلغان ئەجرە ـ خالىس مېهنەت ،
ئەل ئۈچۈن ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان .
نامەرتكە يېغىپ نەپرەت ، مەرتكە هۆرمەت ،
ئەۋلاتلار ئۆمرى بىلەن ياشار هــامـــــان .

نىجادى ، ئەل ئىشىغا ئۆزەڭنى ئات ،
« ياماندىن دات قالىدۇ، ياخشىدىن ئات ».

1970 ـ يىلى ، كۈز . ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## ... گە

ئىنساننىڭ ئۆمرى قىسقا بەختى چاغلىق،
بەختىدىن دەردى كۆپتۇر قەلبى داغلىق.

كۈن كېلەر، تۈنگە ئوخشاش بەزەن باشقا،
كۆزلىرىڭ تۇلار بەلكىم قانلىق ياشقـــا.

## تۆمۈر رۆجەك كەينىدە...

( ۋەتەنداشىم سۈيۈنگۈلگە (1) بېغىشلايمەن)

تۆمۈر روجەك كەينىدە كۆردۈم سەنەمنى،
ئەركىنلىككە بەل باغلىغان قېشى قەلەمنى.

قېشى قەلـــەم زىندان ئىچرە ئۆتتى سىناقتىن،
پىسەنت قىلماي ئۆز بىشىغا كەلگەن ئەلەمنى.

غالىپ چىقتى ئەل ـ يۇرتىغا بولغان پاك مېھرى،
ئۇمۇ كۆردى زىندانلاردا قانلىق كىشەنـــى.

ھەر مىنۇتتا ئۇزۇك روھىن دىلدا ياد ئېتىپ،
ئۇنۇتمىدى ۋەتىنىگە بەرگەن قەسەمنى.

بەزەن تۈندە يار، ئېلىنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن،
كىرپىكلىرى ئىلىندۇرار ئۈنچە ـ شەبنەمنى.

كۈتەر دىلبەر ئۈمىتلىرى ئالدىماس ئەسلا،
كېلەر بىر كۈن سۆيگەن يارى تۇتۇپ ئەلەمنى.

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى غۇلجا

(1) سۆيۈنگۈل ۋەلىيېۋا: تاتار، 1964 ـ يىلى ئۈرۈمچى تىببىي

## قانلىق خەتلەر

تۈن ، زىنداد ، ئاخىرقى تۈن ، مەھبۇس بىلەر ،
ئۇ خوشال قالدى سادىق قەسىمگـــــــــــە .
سوگغى رەت تامغا يازار قانلىق خەتلـــــەر ،
خوش ئېيتىپ جاندىن ئەزىز ۋەتىنىگــــــــە .

ئۆچمىدى ئۆتتى يىللار شۇ قانلىق خەت،
جاللاتنىڭ يۈرىكىگە دەھشەت ســالار.
قۇربانلار كېتەر خەتكە بېرىپ زىننەت،
ئارمىنى ساپ قانلاردا كۆنــدەك يانــار.

«ھېچ قاچان بىكار كەتمەس ئاققان قانلار،
ئۆلمەيدۇ كۆرەش بىلەن ياتقان جانلار!»

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

قېنى ئەمدى شۆھرىتىڭ، قېنى مەغرۇر قامىتىڭ؟
يان باغرىڭدا ئۆۋ قىلار تۈنۈگۈنكى قەست دۈشمەن.
قانات يايغان قارا تۈن، قېنى يورۇق ئاپتاۋىڭ؟
قۇزغۇن قونغان باغلاردا سولۇشۇپتۇ گۈل - چىمەن.

رەڭۋاز تارىخ، مىڭ لەنەت! سەن جاۋاپكار بارلىققا،
تەقدىرىنى تەڭرىنىڭ بەردىڭ ياۋغا تۇتقۇزۇپ.
بوغدا ئۆززە ئولتۇرار بۈركۈت يېنىپ ئازاپتا،
نە ئارماندى، جەڭگەلدە قالسا بۈركۈت ئۇتقۇزۇپ؟!

كۆز ئالدىدا بۈركۈتنىڭ ۋەيران بولغان ماكانى،
سۇ ئورنىغا قان تولغان كۆرەر بوغدا كۆلىنى.
قېنى، دەيدۇ تەڭرىنىڭ قەد كۆتەرگەن شاھانى،
كۆرەر بۈركۈت چەيلەنگەن قار لەيلىسى گۈلىنى.

بۈركۈت كۆزى ئوت چاچار، باقار شەرق تەرەپكە،
ئاپتاپ ئەمەس، جۈت كېلەر. كېلەر قۇزغۇن توپلىرى.
قۇزغۇن قەستى باغلاردا، ئىزدەر يەمتۈك نەپسگە،
خازان بولۇپ زارلايدۇ ئۈنىڭ باسقان يوللىرى.
قىران بۈركۈت چاقىرار دوستلىرىنى غازاتقا،
سۈر-قۇزغۇننى، دەيدۇ ئۇ، بىز بۈركۈتلەر ئەۋلادى!
بۈركۈت ئۆمرى ئۆتكەنگەن كەڭ ئاسمان، ھۆر ھاياتقا،
مىڭ جانلاردىن ئېزىزدۇر ۋەتەننىڭ ھەر گىياھى!

ئىنستوتىدا ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا كوممۇنىستلارغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ قولغا ئېلىنىپ، ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقان. 1981 - يىلى ، ئەكسىلئىنقىلابچى ، قالپىقى بىلەن ئاۋستىرالىيەگە چىقىپ كېتىپ، تۈركىستان جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان.

## تەڭرى بۇر كۈتى

(1970 - يىلى، 29 - ماي (1) قۇربانلىرىغا بېغىشلايمەن)

ئاپپاق باشلىق چوققىلار سوزۇلغاندۇر يىراقــــقـــــا،
سەن تەڭرىسى تاغلارنىڭ - سەن بۇر كۈتلەر ماكانى.
سېنىڭ داڭقىڭ، شۆھرىتىڭ يېزىلغاندۇر تارىخقـــــا،
تارىم بىلەن جۇڭغارنىڭ سەنسەن ئۆڭمەس باهــارى.

كۆزۈم تىكسەم تارىخقا بۇر كۈتلىرىڭ ئىسيانكار،
پېشانەڭدە قورۇقنىڭ هەر تالىسى مىڭ داستــــان.
هەر داستاندا بۇر كۈتلەر ياۋنى يەڭگەن قىساسكار،
ياۋغا ئۆلۈم، ئەلگە بەخت ئاچقان قانلىق چوڭ مەيدان.

ئەشۇ ئۇلۇغ جەڭگاھتىن ئەلگە ئۇلۇغ شان كەلگەن،
ئاچ كۆز ياۋلار باغرىڭدىن ئەشيان ئەمەس گــۆر تاپقان.
ئەجدادلارنىڭ مەرت روهى ئەۋلاتلارغا كۈچ بەرگەن،
ئېلىڭ يايراپ، يۇرتۇڭ گۈل، سەن ئەتراپقا نۇر چاچقان!

جەڭ باشلاندى... تەگسىز جەڭ، جۇدۇنلۇق تۈن بىر جەگگاھ،
ئۇقتەك شۇڭغار مەرت بۈركـــــــــۈت قۇزغۇنلارنىڭ ئىچدە.
ھەر پەرۋازدا قۇزغۇنلار ئىزدەر تۈزۈلدىن پەيت، پـــانـــاھ،
ھايات بىلـــــــەن ماماتلىق بـــــەل ئىلىشقان كېچـــــدە...

قۇزغۇنلارنىڭ ھالى تەڭ، شكەست يەتتى بۈركۈتكە،
نە ئارماندى بىر كۆرسە يانسا كۆتكەن يۇلتـــۇزى؟!
چۇشتى قىيا باغرىغا... بىنا بولدى بىر قـــــــەۋرە...
ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى ئاقباش تەگرى بۈركـــۈتى.

ئاقباش تەگرى ماتـــــــەمدە. ئەزىم دەريا، ئورمانلار،
كۆيلەر بۈركۈت شانىنى - بۇ ئەركىنلىك قىسسىسى.
قۇچىغىدا قەۋرىنى سۆيەر ئاپپاق تـــۇمانـــلار،
بۇ بۈركۈتنىڭ ۋەتىنى - تەبىئەتنىڭ غۇســـــسى.

چۇقان سالار قۇزغۇنلار، جۇدۇنلۇق تۈن ۋەھمىدە،
ئۆمرى پۈتەر قۇزغۇننىڭ ئاتار نۇرلۇق تاڭ بىلەن،
بالاپانلار ئۈمىتلـــــەر قىســـاس ئوتى قەلبدە...
ئادا قىلار بۈركۈتنىڭ ئۈمىدنى شان بىلـــــەن.

قۇتۇپ يۇلتۇز يانماقتا، ئاقارماقتا ئۇپۇقـــــلار،
تاڭ پەرىسى گۈل تۇتۇپ كېلەر بىر كۈن سۇبھى دەم.

جەڭ باشلاندى... تەگسىز جەڭ، جۇدۇنلۇق تۈن بىر جەڭگاھ،
ئۇقتەك شۇڭغار مەرت بۆركـــــۈت قۇزغۇنلارنىڭ ئىچدە.
ھەر پەرۋازدا قۇزغۇنلار ئىزدەر تۈندىن پەيت، پـــانـــاھ،
ھايات بىلـــــەن ماماتلىق بــــەل ئېلىشقان كېچـــدە...

قۇزغۇنلارنىڭ ھالى تەڭ، شىكەست يەتتى بۆركۈتكە،
نە ئارماندى بىر كۆرسە يانسا كۈتكەن يۇلتـــۇزى؟!
چۈشتى قىيا باغرىغا... بىنا بولدى بىر قـــــەۋرە...
ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى ئاقباش تەگرى بۆركـــۈتى.

ئاقباش تەگرى ماتــــــەمدە. ئەزىم دەريا، ئورمانلار،
كۆيلەر بۆركۈت شانىنى ـ بۇ ئەركىنلىك قىسسىسى.
قۇچىغىدا قەۋرىنى سۆيەر ئاپپاق تـــــۇمانـــــلار،
بۇ بۆركۈتنىڭ ۋەتىنى ـ تەبىئەتنىڭ غۇســــــى.

چۇقان سالار قۇزغۇنلار، جۇدۇنلۇق تۈن ۋەھىمدە،
ئۆمرى يېتەر قۇزغۇننىڭ ئاتار نۇرلۇق تاڭ بىلەن،
بالاپانلار ئۆمتۈلـــــەر قىـــــاس ئۆتى قەلبدە...
ئادا قىلار بۆركۈتنىڭ ئۆمىدىنى شان بىلـــــەن.

قۇتۇپ يۇلتۇز يانماقتا، ئاقارماقتا ئۇپۇقــــــلار،
تاڭ پەرىسى گۈل تۇتۇپ كېلەر بىر كۈن سۈبھى دەم.

بايلىقىم ـ بەختىم دەيسەن ئەلگــــە قاراپ،
دان تېرىپ، مال باقسەن تاغـــــدا زارلاپ،
كەيگەندەك ئەسكى چورۇق تاپالماپســـەن،
پۇتلىرىڭ يېغىر بوپتۇ تاشلار يـــالاپ...
قارىغىن، ئاران كەلگەن ئۇ يات ئالــچـــاق،
سەمرىپ چوت سوقىدۇ كۆڭلى خۇشچاق،
قان، تېرىڭ، كېتەر ئۇنىڭ ئاچ نەپسگــــە،
قالدىڭسەن لەۋنى چىشلەپ بولۇپ قاشىاق...
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتــــۇم،
ئاچ دۇشمەن ياڭاق چاققان خازان يۇرتــــۇم.

خۇدانى تاشلاپ قويۇپ، تاپتىڭ «خۇدا»،
ئۇ سېنى ئەل ئىشقىدىن قىلدى جـــۇدا،
شۇ «خۇدا» باشلاپ كەلدى بار ئاپەتـنى...
بەخت يوق خورلۇق يەتتى ساڭـــا ئۇدا.
ئاتالمىش شۇ «خۇدا» سى ئۇرغان جاللات،
ھەر سۆزى قان، ياش، ئاچلىق، ئاھ ـ پەرياد،
بىھوش بوپ «دۇرۇت» دىدىن سەن بىلمىدىڭ،
بىر كۈنى بىلىپ قالـــۇر ئۇرۇق ـ ئەۋلات.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يـــۇرتـــۇم،
شەيتانغا ئىمان ساتــقان نادان يـــۇرتـــۇم.

قوچىغىدا تەگرىنىڭ سانسىز بەلەنت چوقـــقىـــلار،
قەھرىمانلار قــــەۋرىسى چوققىلاردىن مـــۇئەززەم.
1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

(1) 1970 يىلى 29 ـ ماي كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى توختى قۇربان باشچىلىقىدىكى 29 نەپەر ۋەتەن پەرزەنتىنى ئۇرۇمچىدە ئېتىپ ئۆلتۈردى. مەمتىمىن ئىمىنوپنى دوختۇرخانىدا شەھىد قىلدى. بىرقانچە يۈز مىڭ ئازاتلىق جەڭچىلىرىنى قىرغىن قىلغان بۇ قانلىق تېررور ۋەتەن تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كۈن بولۇپ قالدى.

## ئېلىمسەن

مەن كىممەن دەيسەن سىلاپ پىشانەڭنى،
تىلسىزمەن ھېچكىم بىلمەس ئىشارەڭنى،
يوقاتتىڭ ئەلمىساقتىن بوۋاڭ قويغــــان،
مۇبارەك ئۇلۇغ نامۇ ـ نىشانـــــەڭـــــنى.
مىڭ لەنـــــەت، ئەشۇ رەڭۋاز شۇم تارىخقا،
سەۋەپكــــــار قايغۇ ـ ئەلەم ئۇ بارلىقــــقا،
تىگى جۇت قەست دۈشمەننى كەلدى باشلاپ،
قۇچۇغـــــۇڭ تولدى شۇندا ئاچ ـ زارلىققا...
ئېلىمســــــەن مۇڭــغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
يـــات دۈشمـــــەن ئايغىدا پايخـــــان يۇرتۇم.

كوڭلۈم، دىدىڭ بىركىنى ئوتقا تاشـــلاپ،
كېيىسەن خىيالىڭنى باشقا قاپـــلاپ،
تەختىي تۆت چىشلىقلام بولدى ياتنىــڭ،
شۇ گىلاشقان ئەۋرەم، دەيدۇ سىنى ماختـاپ.
يا سەن بىر خىيەنەتلىك سەن، يا خۇنەتلىك،
ئېيتقىنا زادى سىنىڭ ئەسلىڭ نـــەلىك؟
تونالماي سىنى تۆتنىڭ ئارىســـــدىــــن،
ئۆز داداڭ ھەسرەت چېكەر دىلى غەملىك.
ئىلمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتـــۇم،
گۈل ھۆسنۈڭ كەتتى قايان سامان يۇرتۇم.

بىر نارسەن چۆلدە كەزگەن يۈكلەر يۈدۈپ،
خوجايىن رازى ئەمەس شۇنچـــــە يۈرۈپ،
بوزلايسەن ھار كەلگەندە كىتەلمەيســـەن،
ئىشە كنىڭ قۇيرىقىدىن چۆلـــۈك ئۈزۈپ.
قارا تۈن، تىپىرلايسەن ئۇيان - بۇيـان،
كاژ پەلەك ساڭا باقماس سەن ناتاۋان،
ئۆزگىلەر ئەرك تىپىپ بەختىن كۈيلەر،
ھە سەنچۇ قۇللۇقۇڭدا دەرتمەن ھامان.
ئىلمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
نۇمۇسى خورلۇق تارتقان ھەيران يۇرتۇم.

يات دۈشمەن پىتنىسىگە قۇلاق سېلىپ،
دوستۇڭنى خوپ زارلاتتىڭ دۈشمەن بىلىپ،
تۇققۇنۇڭ تەييار قىلدى ساڭا ئورا،
كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ چۈشتى ئاخىر كېلىپ.
ساددىلىق شۇ خۇيۇڭغا ياتلا زوقمەن،
ئاغزىڭدا: «ھى - ھى» قىلار دىلدا ئۆچمەن،
قوي، بۆرە ياشىغانمۇ بىر قوتاندا،
قوي يەمەس گۆل بۆرىنى كىمكەن كۆرگەن؟
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ياتقا كەڭ ئۆزگە قاپقان سەرسان يۇرتۇم.

بەختىم، دەپ كۆرەڭ سۆزلەپ داغسۇ تاپتىڭ،
ئاقنىنى كۆرمەي قويدۇڭ زاغرا ياقتىڭ،
ئىشلەيسەن تۆت جان بولۇپ يېرىم قوساق،
ئۆتكەندە باللىرىڭنى قانداق باقتىڭ؟
ئەپتىڭدىن توپا ياغار سەن كۈلسەن،
دەردىڭنى ئۆزەڭ بىلىپ جىم يۈرسەن،
قازىنىڭ قۇسۇپ قاپتۇ ماي كۆرمەستىن،
خوجايىن چىش كولىسا تەلمۈرسەن.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
يۈزىڭدىن قېنى قاچقان ئىمجان يۇرتۇم.

(1) مۇراتبېك كېرىم ئوغلى ھەمرايېۋ (1936 ـ 1983 ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىسى بولۇپ، تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە پروفېسسۇر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. س.س.س.ر. پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، ئاتاقلىق شائىر ھەم تەرجىمان. شائىرنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى يېقىن دوستى.

## پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيتى

ئىشىت ئوغلۇم، ساڭا ئەمدى ئۇزۇن تارىخ ھىكــــايــەتتىن،
سۆزۈم باشلاي قۇلاق ئاڭلاپ، كۆزۈم كۆرگەن رىۋايەتتىن.

قەدىمى شەرقىي تۈركىستان بابالەرگە ماكان بولغان،
ئۇلاردىن مىراس بىزگە ئۇزۇن تارىخ داۋامــــەتتىن.

دىلىدا ۋەتەن مېھرى ئۇلۇغ ئەمگـــــەكنى يار قىلـغاچ،
قاقاس چۆللەرنى باغ قىلغان چېكىپ ئەجرۇ ـ رىيا زەتتىن.

تېغى ماللار بىلەن تولغان، قۇچاقلارى چىمەنزارغا،
خامانلارى تاغ بولغان گۈزەلچ، بۇغداي زىرائەتتىن.

جىمى ئالەمگە مەشھۇردى گـــــۈزەل قەشقەر بىلەن خوتەن،
ئىدىقۇت ھەم كۇچار، ئاقسۇ قالغاي قايسى داڭقى شۆھرەتتىن.

كۆلگەندەك قىلغان بىلەن كۆزدە يېشىڭ،
ئۆرىدەك تۆرغان بىلەن شورلۇق بېشىڭ،
بىلمەن دەرغەزەپتەسەن كۆنئۇ ـ تۈن،
تۈنجۇققان يانار تاغدۇر قەلبىڭ سىنىڭ.
ۋۇلقاندەك ئوت ئالارسەن كۆنلەر كېلىپ،
شۇ ئوتتا ياۋنىڭ تەختى پۈتەر يېنىپ،
تۇغۇلار چىن مەرتلىكتىن ئانا تەگرى،
ئەركىنلىك سائادەتنىڭ نۇرىن چېچىپ.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ئامان بول، كېلەر بىر كۈن دەۋران يۇرتۇم.

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## بايرام ئەرپىسىدە ....

( دوستۇم مۇرات ھەمرايۇپقا (1) )

بۈگۈن بايرام شەرپىگە ئىچكەنسەن شاراپ ،
قەدەھلەرگە تولغۇزغانسەن بىزگىمۇ ئاتاپ .
مەنمۇ ئىچتىم زىندان ئىچرە مېھرىڭدا يېنىپ ،
كۆز ياشلىرىم قەترىسىدىن يولۇڭغا قاراپ .
كەلسەڭ باھار ئەيىامدا ياشناتتى گۈلۈم ،
ئىچسەك ۋىسال شارابىنى بولماستىن خاراپ ....

1970 ـ يىلى ، 7 ـ نۇيابىر ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

تۇغۇلدۇم قايتا دۇنياغا ئېلىم مېھرىگە ھېچ تويــماي،
ئەزەر سالدىم ئانا ئەلگە تۇراتتى غەمدە كۈلمەستىن.

كۆرۈندى تاشلىرى گەۋھەر، ئۇلۇغ دەريالىرى كەۋسەر،
تۇپرىقىم توتىيا بىلدىم، تۇرامتىم كۆزگە سۈرمەستـــــن.

پايانسىز ياپ - يېشىل ئورمان كۆزۈمنىڭ كىرپىگى بىلسەم،
ئۇنىڭ چۆللىرى گۈل بوستان كۆكۈل ئۇنامدۇ كەزمەستىن.

يۈرەر دەشتۇ ياۋانلاردا ئوتلاپ بۇغا ، مارال ، كەكلىك ،
ئۇلارنى باغرىمغا باسسامدىم ئۈزىمگە ئەيىپ ئەتمەستىن .

ۋەتەن ھۆسنىگە نۇر بەرگەن خەلقىم كۆزىدە ياش كۆردۈم ،
ۋەتەنىنىڭ پەيزىنى ياتلار سۈرەرھېچ قايغۇ چەكمـــەستىن .

ئىلى دولقۇنلىرى چەكسىز، كۆزۈم چۈشتى يىراقلارغا ....
دىلىم زوقلاندى ھەيران بوپ ئەجەپ پەيزى قىياپەتتىن .

پەقەت ئورتىدا بىر دەريا، لېكىن پەرىقلىق ئىككى دۇنيا،
بىرى شاد بەختىنى كۈيلەر، بىرى ئىڭرار ئاسارەتتىن .

خىياللار ئورتىغا ئالدى مېنى ھەردەمدە سوراقـــلاپ:
« قۇتۇلغايمۇ ئەزىز ۋەتەن تىرىكتاپ مۇشۇ ئاپەتتىن ؟ »

ئېلى مەردانە مېھماندوست، ئىلىم - سەنئەتكە كۆپ خۇشتار،
ئۆتەتتى كۆڭلىرى خۇشچـــــاغ يىراقتى قايغۇ- ھەسرەتتىن.

ئۆتەتتى توختىماي كارۋان، يۇرەتتى ھەر تەرەپلەرگە،
كېلەتتى زارىقىپ سەييياھ چىن، ھىندو، سەمەرقەنتتىن.

جاھان بازارىدا مەشھۇر ئىپەك، گېلەمگە كان ئەردى،
چىمەنلەر ئۆلگە سورايتتى توقۇلغان خانۇ - ئەتلەستىن.

تالاي ئۆتتى ئالىم، شائىر ئەسىرلەر كۆكىدە چاقناپ،
ئۆلار ئالدىدا يۇلتۇزلار يۇزىن ياپقان خىجالەتتىن.

تېغىدا ياۋغا ئورۇن يوق، بېغىـــــدا قاغا - قۇزغۇنـــغا،
تۇغۇلغان مەردۇ - مەيدانلار ئېلى بەرگەن شىجائەتتىن.

لېكىن خانلار سۇرۇپ ئىشرەت مەزلۇم ئەلنى خار قىلدى،
دىلىدا قالمىدى ئىنســـــاپ يىراقلاشتــى ديانـــــەتتىن.

تۇغۇلدى مىڭ بەختسىزلىك خىيانەت قىلدى شۇم خانلار،
نېمە كەلگەي شۇ دەم ئەلگە ياۋۇز دۇشمەن قاباھـــەتتىن.

كىرىپ كەلدى شۇ ئاچ دۇشمەن ئېلىمنىڭ بەختىنى كۆزلەپ،
تۆكۈلدى ئەپ - ئىزىل ئالالار ؛ دولقۇن تېگىزلار جارلاھـــەتتىن.

رەقىپنىڭ تەلپىگى ئۇچقان ئىتمنى ئاڭلىغـــــان چاغدا،
ئىجىس دۈشمەن زاۋال تاپقان ماڭا كەلگەن شۇنۇسرەتتىن.

مالاس دەريا ...تۇغۇم شۇندا، تۇغۇمنىڭ شولىسى چۈشكەن،
ئاق بۇغدا ئويغۇنۇپ تاڭدا يىراقتى ئۇيقۇ- غەپلـــــــەتتىن.

تۇتۇپ ۋەتەننى قەلبىمدە، ئاكويتىن ئاتلىسام دەتتــم،
كۇنەتتى زارىقىپ قەشقەر تۇتۇپ يولۇمغا چايشەپتىن.

شۇچاغ «پەيت!» دەپ يىتىپ كەلدى پەرىشتەرەسمىدەئالۋاستى،
يىقىلدى بۇئايــاغــــمغــــا قىــلىپ ئىكـــرامۇ- ئىززەتتىن.

«دەرىخا!» ئەشۇ شۇم شەيتان قۇلۇم تۇتقازدى دەي- دەيلەپ،
«پەرىشتە» ۋەدىلەر قىلدى بەخت، ھۆرلۇك، شاپـــا ئەتتىن.

«ھىيزى بول، قارا ئىلىستىن قاچان جىندىن قۇتۇلغـــان كــــۇن،
- دادام دەتتى- رەھىم كەلمەس قۇرۇق سۆز رەڭۋازۇ- ئۇلپەتتىن.»

كەڭ ئاچتىم داستىخانىمنى «پەرىشتە» تەييارغا دۇم چۈشتى،
ئۇنى مەن بەھرىمەن قىلدىم ئىرىم تۆككەن نازۇ- نىمەتتىن.

«ئىست!» - دەيمەن ۋاپايىمغا بىشىمغا سالدى سەۋدالار،
ئۇ تۈلكە پۇشتىدىن تامغان ئادەمخور، ھىلىگەر پەستىن.

شۇچاغ باشىمدا چەرخ ئۇرۇپ بەخىت بوستانلىدىن سۆزلەپ،
قۇتتۇلدۇردى مېنى بىر قۇش چىگىش، قىستاڭغۇ ھالەتتىن .

ئۇ دەتتى: ـ « ھەيدە قۇزغۇننى، بېغىڭنى پاكلا نەسلەردىن،
سائادەت دىلبىرى كەلمەس ئېلىڭنىڭ بەختى كۆلمەستىن .

ئەرك سۆيگەن كۆرەش دەيدۇ، كۆرەشتە بەختۇ ـ ئىستىقبال،
ئېلىڭغا جان پىدا قىلغىن، كىمىكەن ئۆتكەن ئۆلمەستىن؟ »

پارىلداپ ئىلقىدا ياندى ئەجەپ بىر ئوت ـ يورۇق گۈلخان،
چىللاپ ئەلنى ھۆرلىككـــــــە قۇتتۇلدۇرماق جاھالەتتىن.

بىلەپ ئابرالنىڭ تاشىدا قولۇمغا شەمشىرىم ئالدىم،
باباللار بەردى ئۇسرەتنى تۇغۇلدۇممەن جاسارەتتىن.

قولۇمدا گاڭ قۇرالىم بار، ۋەتەننىڭ نامى قەلبىمدە،
يارالدى بىر يېڭى دۇنيا ئۇلۇق مەردانە جۇرئەتتىن.

ئېلى ئاسمانى ـ سۈزۈك ئاسمان، تۇغۇم ھۆرلىكتە يەلپۈلدەر،
كېلەتتى شادىمان كۈنلەر ئېلىمگە شانۇ ـ شاۋكـــــــــەتتىن.

سۈرۈپ شىددەت بىلەن تىنماي ياۋۇز دۈشمەننى ھەردەمدە،
قىراتتىم زارىغا باقماي يىراق بولىلىۇم خىيالـــــــــــەتتىن.

كۆرەش يولى - بەسى مۈشكۈل لېكىن مېۋىسى بەك شېرىن،
ئۇلۇغ بىناغا بىر خىش بول، قۇرۇققول قالما پۇرسەتتىن.

تىڭرىقما باس كۆرەشلەردە مەغرۇرلۇق ئېتىغا مىنمە،
بېلىڭدىن كەمىرىڭ يەشمە يىراق بولغىن قانائەتتىن.

قۇتۇپ يۇلتۇزى ياناقتا، بولار غەلىبە چوقۇم بىزنىڭ،
كۆتەرسۇن قەد ئىشەنچتىن تاغ ئېشىپ تۇرغاي ئىگىز ئەرشتىن.

سىغىنغىن خانتەڭرىگە دائىم بابالار روھىنى شاد قىل،
سەپەردە يولدىشىڭ بولسۇن ۋاپادار تاغ يۈرەك مەرتتىن.

ئېلىڭ دەردىگە ھەم دەرت ئېلىڭگە چىن ۋاپادار بول،
كۆزۈڭ قارچۇغىدەك ساقلا تۇغۇڭنى ياتقا بەرمەستىن.

قورالنى تاشلىما ھەرگىز ئەڭگۈشتەر ئۇ بىباھا بىلسەڭ،
جېنىڭغا جان قوشۇپ جەڭدە ساقلىغاي ئۇ يالماۋۇز نەستىن.

كېلەر كۈنلەر كۈلۈپ تاڭدەك، كېلىچەك شۇنچىلىك پارلاق،
ئويغات ئەلنى ھۆرلۈككە چىقارما ھېچ بۇنى ئەستىن.

قۇچاغلاپ كۆرۈشۈشلەر بار ئۇلۇغ تاڭ نۇرىدا بىر كۈن،
مېنىڭ ھالىم ساڭا يەتكەي ھازىرچە ئىككىلىك خەتتىن.

بەخت، هۆرلۇك دىگەن ئەلنى قەدەمدە دار ياساپ ئاستى،
ئۆزنىڭ قەستى هۇقۇش ئوخشاش هۇزۇر تاپسا زۇلۇماتتىن .

پايانسىز كــــــــەڭرى بوستانىم يانا ئايلاندى دوزاققا،
خەلق زارلاندى قۇللۇقتا ئەلەم كۆرگەچ شۇ سۇربەتتىن.

كەڭ ئاسمانغا ئۆگەنگەن قۇش كۇنەرمۇ تار قەپەز، دانغا،
يانا ئۆردۇم ئىچىم قايناپ تېشىپ دەريـــــادەك ئەرلىكـــتىن.

ئاۋاز سالسام ئاۋازىمغا قوشۇلدى قەھرىمان جانلار،
رەقىپنىڭ تەختى سىلكەندى پىداكارلىق پەزىلەتتىن.

كۆرەش يولى ـ ئەگىر ـ توقاي، قارا زىندانغا بەنت بولدۇم،
ئىشىمدىن پۇشمۇنۇم يوقتۇر، يىراقمەن قايغۇدىن دەرتتىن.

ئۆتەر يىللار، ئۆتتۆشۈپ بەل شۇ زىندان ئىچىدە جەڭدە،
يېڭىپ ئۆتتۈم توسۇقلارنى چىقمىدىممەن پولات سەپتىن.

بارىكاللا، ساڭا ئوغلۇم! دىلىڭــغا تاڭــنى جا قىپسەن،
خەيرىلىك بىر قەدەم ياخشى، مىڭ ئېغىز قۇرۇق گەپتىن.

رەقىپنىڭ ھەيۋىتى كۈچلۈك، لېكىن دۈشمەن زاۋال تاپقان،
كۆرەش قىلغىن ئاداققىچە قەدەم چۆشكەن مۇشۇ پەيتتىن.

تامىۇقان،

ئىشكىلەرمۇقان،

ۋەتىنىم، بۇ قانلار- سېنىڭ ساپ قېنىڭ!
يۈرەك تىپىرلايدۇ پاتماي قەپەزگە،
يۈرەك شۇبىرلايدۇ ھەربىر نەپەستە،
مەيلى ئاقسا ئاقسۇن شۇ بىر تامچە قان،
شۇ ئۇلۇغ قەسەمگە بولۇپ نەق نىشان،
ئارمىنىم ھېچ قالماس ئۆمرۈمدىن مېنىڭ!

كۆز ئالدىمدا زىندان - شۇ قانلىق گوداك،
ئىتلار يالار قۇربانلارنىڭ قۇتلۇق قېنىنى،
ھۇقۇش چۇقار شېھىدلارنىڭ پاكىز تېنىنى،
تىنماي چۇقار تويماس نەپسىگە،
يەتمەك ئىزدەر ئىپلاس قەستىگە،
يوقال ئەي قاتىل!

يوقال ئەي زالىم!

يوقال ئەي، جاھالەتنىڭ مەشئۇم خۇداسى!...
بوينۇڭغا ئېسىلغان قىزىل تىرناقلار؛
دەريالاپ تۆكۈلگەن ئاققان ياش - قاننىڭ،
ئاچلىقتا، خارلىقتا قىينالغان جاننىڭ،
نۇمۇسى خورلانغان مىليون ئىنساننىڭ،
بىگۇناھ ئېلىمنىڭ قانلىق قىساسى!...

1970 ـ يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## تۈن قوينىدا

قاراڭغۇ تۈن دەھشەت زىم ـ زىيا،
تۈن قوينىغا چۆمگەنلىۈر زىندان.
تۈن باسار، دەرت ئىزەر، يۈرەكنى ئىپۋاھ،
خىيالىم يىراقلاردا كېزەر دەربە ـ دەر،
مەن بولسام زىنداندا ياتىمەن ھامان...

كۆز ئالدىمدا مىسكىن ۋەتىنىم:
قەدىمى تارىخنىڭ شانلىق گۇۋاھى ـ
شۇ قانلىق ئەسىرلەرنىڭ ئەركسىز ئاشناسى،
ماڭا ھايات بەرگەن جانىجان تۇپراق.
كۆز ئالدىمدا تارىم ئاقار ـ ئاقار قان، تېرىم،
ياش ئەمەس، قان ئاقار ـ قان، زەرداپ، يىرىڭ،
شۇ ئاقۋاش تەگرىنىڭ سۆيگەن ئېلىمنىڭ،
ئەسىرلەر قۇللىغىنى ئارتقان ئېلىمنىڭ،
ئەرك!، دەپ، تاڭنى دەپ كۆزيېشى بۇلاق.

كۆز ئالدىمدا ـ زىندان شۇ قانلىق زىندان،
بۇندا ئازاپ ـ قايغۇ پەيزىنى تاپقان،
پەرمۇقان،

ئىخ، گۈزدە كىلىك ئارام يوق جانىغا،
دىل ئەركىدە شوخلۇق ھەم ھەۋەس.

باشتا مالخاي، پۇتۇمدا چۇرۇق،
قىر، ئېتىزلار توشقان قوغلىغان.
تېزەك تېپىپ، مىنىشىپ «تورۇق»،
ئوغلاق تارتىپ بىزدۇق تويلىغان.

ھېرىپ - ئېچىپ ياناتتىم ئۆيگە،
شۇ گەمىمىز غۇۋا يورۇقتى.
ئېسىڭدىمۇ ئانا، شۇ كۈنلەر؟
مېھرىڭ بىلەن قەلبىم تولۇقتى.

ئىسسىتاتتىڭ ئۆز باغرىڭ بىلەن،
قىزىل مارجان قوللىرىم سىلاپ.
«بەختىڭ كەلسە سېنى كۆرسەممەن»،
دەيتتىڭ ئانا مېنى قۇچاغلاپ.

ئانا، ئانا! بىزنى ئالدىغان،
شۇ رەھىمسىز، شۇ رەڭۋاز پەلەك.
مەزلۇم ئەلدۇر يەنە زارلىغان،
تار قەپەزدە سىقلار يۈرەك.

يوقال ئەي زۇلۇمەتنىڭ يىر كەلىچ خۇداسى!
قاھ ـ قاھلاپ كۈلسەن، كۈلكەڭ توختىماس،
دەريالاپ قان ئىچىتىڭ نەپسىڭ ھېچ قويماس،
زاۋاللىق كۈلكىسى بۇ بېشىڭغا كەلگەن،
بەدنىيەت پەيلىڭلۇر شۇ ئىشنى تەرگەن،
سۇرۇپ قال پەيتىڭنى ئاخىرقى دەمدە!
ئەنە تۇن قويندا زۇلمەت قويندا،
يۇلتۇزۇم يانماقتا پارلاپ ۋە شادان،
غەپلەتتە ياتمىغىن، تۇرغىن مەرت ئوغلان!
قولۇڭغا ئال قىلىچ، ياۋ تەختىنى چاق،
دەرت چەككەن ئېلىڭگە. ۋەتىنىڭگە باق،
تاڭ نۇرلىرى چاقنار بىزنىڭ ۋەتەندە!...

1970 ـ يىلى كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## قىش خاتىرىسى

قار لەپىلدەپ قـــارلار ياغـــدۇ،
كەڭ دالىغا ئاپـــپـــاق ئىـــز سىلىپ.
ئىگىز كـــۆكتىن بۇلۇت ئاغدۇ.
بوران ھۇۋلار شوخ يۈشتەك چېلىپ.

تۇغقان مەلە تولغان چۇقانــغـــــا،
تەنتەك دوستلار بەزمە بىلەن مەست.

قار لەپىلدەپ، قارلار ياغــــــدۇ،
گۆدەكلىگىم ئېسىمگــە سېلىپ...

1970 ـ يىلى، نويابىر. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## مەھبۇس

زىندان ، ھېچ تونختىماس جاللات ھەيۋىسى :
« ئاسىيەن ئېلىگگە بولدۇڭ گۇناھكار. »
مەھبۇسنىڭ يۈزىدە غەزەپ كۈلكىســــى ،
بوش كەلمەس سۆزلىرى ئۇچقۇنلاپ يانار :
« ماڭا ھېچ كېرەكمەس ياتلار ۋەتىنــــى ،
مەزلۇم ئەل ئوغلىمەن ـ تەگرى پەرزەندى ،
يولۇم ھەق، ئىشىمغا ئېلىم مەدەتكــــار!»

جاللات سىپايە دۇر زىنداندا بــوُكــــەچ ،
« ئەيت ، ـ دەيدۇ ، ـ بارىنى ساڭا كۆپ ئىنئام . »
زەھەرلىك ئىلاندەك شۇرلار يىركــــەنچ ،
مەھبۇسنىڭ قېنى تاشار ئۇپقۇنلۇق قايىنــــام :
« ياق ئۆلۈم ئەۋزەلدۇر، مەن خائىن ئەمــــەس!

قار لەپىلدەر ئانا شۇ دەمـــــدە،
ئولتۇرغانىمەن چارقىلىك ئىگىرىپ.
تەنتىگىمنى ئەسلەپ ئەلەمـدە،
قالغان چاغدا يىپلار چىگىلـــىپ.

قىش گۈزرۇلدەر... زىندانىنىڭ ئىچى،
ئاچلىق، ئازاپ، سوغدا زارلايـــدۇ.
ئىشىگىمدە گــــــۈندىپاي ئىتى،
تۆگلۈكۈمدىن چىرىك مارايـــدۇ.

گۆدە كىلىكىم ئۆلمەس گۇۋاھى،
قېنى دوستلار، قېنى شۇ چاغلار؟
ھەر باھاردا گۈللەپ، قىش چېغى
ئاق قار باسقان قەدىناس باغلار؟

سىز ئەمدى چۈش، سىز ئەمدى خىيال،
سىز قالدىڭىز شۇنچە يىراقتـــــــــا.
سىزنى ئەسلەش شۇنچىلىك ئېغـــر،
سىز قىينايسىز دىلنى ئازاپتـــــــا...

ئۆتكەن ئۆمۈر- ئۆتكەن شۇ كۈنلەر،
كۆز ئالدىمغا كېلەر تىزىلـــــىپ...

قەلبدە ئېلىنىڭ سۆيگۈ، ھەسرىتى ،
شۇۋەتەن ئىشقى بىلەن تاپار تەسەللا .
مەھبۇس دەر : « ئارتساڭمۇ ئازاپ تىغىنى ،
ئەي جاللات ، ئەگمەسمەن مەغرۇر قەددىمنى ،
ۋەتىنىمنىڭ گۈل بېشى بولسا ئامانلا !»

زىندان . ئون يىل ئۆتتى قوغلۇشۇپ قاتار ،
مەھبۇس كۆردى بۇندا دوزاق كۈننى .
چاچلارغا ئاق كىردى ھەم بولدى ناكار ....
زىندان يېڭەلمىدى قەلب كۈچىنى ....
مەھبۇس دەر : « ئەي جاللات ، جاھالەت پاتار ،
ۋەتەندە مەڭگۈلۈك ئەرك تېڭى ئاتار ....
ھېچقاچان تۇسالمايسەن كۈننىڭ نۇرىنى !»

1970 ـ يىلى ، قىش . ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## قەشقەرقىزى

قەشقەرقىزى گۈلغۇنچە ،
چىشلىرى سەدەپ ئۈنچە .
ئوتتۇك تەگدى كېلىپ شۇنچە ،
كۆيدۈرمە يۈرەگىمنى .

يالقۇنلۇق قەسىمىم دىلدا ھەر نەپەس .
ۋەتەن مېھرى بىلەن سۈت بەرگەن ئانام !»

زىندان. جاللات تۇتقان قاتىل پىچىقى ،
مەھبۇسنىڭ تېنىدىن كېسەر بىر سويۇم .
يىرتقۇچتىن يالۋۇزدۇر جاللات يۈرىگى ،
بۇندا ئازاب - قايغۇ ، بۇندا بار ئۆلۈم .
مەھبۇس دەر : « يانا ئىچ زىندان كۆچىگى ،
بىر تامچە قانىمۇ قالدۇرماي تېخى ،
ۋەتەنىنىڭ ئەركىدۇر - تاللىغان يولۇم ! »

قىش . ئاياز . مۇزباسقان زىندان ئىچىنى ،
ياۋايى ھايۋاندەك ھۇلار زىمىستان .
مەھبۇس تىك ئولتۇرار چىشلەپ لىۋىنى ،
جاللات ھەيرانلىقتا قارايدۇ ھامان ....
مەھبۇس دەر : « جەم قىلغىن ئالەم قىشىنى ،
ھېچقاچان ئۆچۈرەلمەيسەن قەلبىم ئۇتىنى،
ۋەتىنىم ئىشقى يانار- يۈرىگىم گۈلخان !»

زىندان . ئازاب قايغۇ باسار يەلكىنى ،
ئويلىماس يارىنى ، ئۆزغېمىن ئەسلا .

يىل ئۆتتى پۈچۈق زاغرام پۈتۈن بولماي،
بارغانچە قايغۇم ئېشىپ بولدۇم دەرتمەن.

بەختىمنى تاپاي دېدىم مەرىپەتتىن،
ئوقۇدۇم قۇتۇلاي دەپ شۇم غەپلەتتىن،
كۆزلىرىم پەرق ئەتسە ئاق ـ قارىنى،
بۇ بېشىم قۇتۇلمىدى ھاقارەتتىن.

بەختىمنى تاپاي دېدىم قارا قاشتىن،
دېدىمكى: «خورلۇق كېتەر يالغۇز باشتىن»
باللىرىم يىغلاپ قالدى ژەيرانلىقتا،
كۆزىمىز قۇرىمىدى قانلىق ياشتىن.

بەختىمنى تاپاي دېدىم مەنسەپ تۇتۇپ،
بىر دەملىك شەنجاڭ بولدۇم ئۇستەل قۇرۇپ،
كۇلىلىق خىزمەتكارىم مەنىدىن زور كەن،
تاس قالدى يوقاتقىلى مېنى يۇتۇپ.

بەختىمنى تاپاي دېدىم جاھان كېزىپ،
كۆردۈممەن شۇنچە كۆيكەن مىسكىن ـ غېرىپ،
بەخت دەپ مېنى تۇققان ئەل يىغلايدۇ،
مىليون جان پەريات چېكەر جاندىن بېزىپ.

باغدا بۇلبۇلۇك بولسام ،
شېخىڭغا بېرىپ قونسام ،
مېھرىڭگە قېنىپ تويسام ،
تۇتقىنە بىلەگىمنى .

قىش كەتتى، باھار كەلدى،
تۇن كەتتى، ناھار كەلدى،
ئالدىڭغا خۇمار كەلدى،
ئۇققىنە تىلەگىمنى.

1970 ـ يىلى، قىش. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غولجا

## چىن بەخت

كۆپ ئىچتىم بۇھاياتنىڭ ئاغۇسىنى ،
زامانلار ئارتتى تاغدەك قايغۇسىنى ،
بەختىم دەپ كۆككە باقسام شۇقۇياشنىڭ
بۇلۇتلار توستى يورۇق ياغدۇسىنى.

بەختىمنى ئەمگىگىمدىن تاپاي دەپ مەن،
ئىشلىدىم كېچە ـ كۈندۈز چېپىپ كەتمەن،

بېشىغا بەخت قۇشى شۇ كۈن قونـــار،
ھەيدەلسە گۈل ئېلىگىدىن تەييار تاپلار!»

شۇ سۆزدىن قۇۋۋەت ئالدىم كۆچكە تولۇپ،
كۆزلىرىم روشەنلەشتى قەلبىم يـــورۇپ،
ئاقتىممەن ئەلنىڭ غەزەپ دەرياســـدا،
يات دۈشمەن لوجىلارنى باسماق بولـــۇپ.

كۆرەش يول: ئەگرى- توقاي، سۈرلۈك دالۋان،
بۇ يولدا نەسىپ بولدى ماڭـــا زىنـدان،
ئېلىمنىڭ قەست دۈشمىنى شۇم دىۋىگـــە،
يەڭ تۈرۈپ بىر تاش ئاتتىم، نىمە ئارمـــان؟

بۇ كۈرەش مېنىڭ سۆيگەن ئەھدىم بولۇر،
ئۆمرۈمدە تاپقان مېنىڭ بەختىم بولـــۇر،
ياشايمەن مەزلۇم ئېلىم ئىشقى بىلـــەن ،
بارلىقىم جان ۋەتەنگە تەقدىم بولـــۇر.

1970 ـ يىلى، قىش. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## مەھبۇس ئايالى

كېچە- كۈندۈز ئىشەنچتە كۈتەر مەھبۇس ئايالى،
ئۆزۈن يىللار ئايرىلغان يار يولـــغا قارايـــدۇ...

تۇۋا! دەپ ياقام تۇتۇپ پىقىر - يىتىم،
تەڭرىمگە قېنى مېنىڭ بەختىم دىدىم،
يا ماڭا بەختسىزلىك قوش گىزە كىمۇ،
يا بىر كۈن ئۈگىشلارمۇ شورلۇق بېشىم؟

ئەشۇ چاغ ئانا تەڭرى ماڭـــــا قاراپ،
بىر ئېغىر ھەسرەت چېكىپ قىلدى جاۋاپ:
«بىلىمەن دەرتلىرىڭنى مىسكـــــىن بالام،
شۇ ھالدا سېنى كۆرۈش ماڭـــــا ئازاپ.

بەخت بار ئەل ئارمىنى - ئارزۇســــدا،
شورلۇغۇڭ ئەلنىڭ قۇللۇق قايغۇســـــدا،
ئەرك - دە! ئەل ئىشقىغا رىشتە باغلاپ،
ئۆلىنەڭمۇ ياۋۇز ياۋنىڭ جادۇســـــدا.

قۇللۇق كۈن - زۇلمەتلىك تۈن، قىينالغان جان،
يات دۈشمەن قان - تېرىڭنىڭ ماغزىن چاققان،
ئىشەنمە ئېزىتقۇنىڭ سۆزلىرىگــــــــە،
قايسى جان قۇللىقىدىن بەخت تاپـــــقان؟!

تۇر ئوغلان! ئەل ئوغلىسەن ئەلنى باشلا،
ئېلىڭنىڭ دۈشمىنىنىڭ كۆزىن ياشـــلا،

لېكىن ئازاپ ، قايغۇلار يۇتتى قەيسەر يىگىتنى ،
ئۇنىڭ مىسكىن قەۋرىنى قۇملار كۆچۈپ ئارلايدۇ.
قۇچۇپ ياتار باغرىغا شۇمۇقەددەس دىيارنى ،
ئۇنىڭ روھى ھەر سەھەر يورۇق تاڭنى چىللايدۇ .

كېچە - كۈندۈز ئىشەنچتە كۆتەر مەھبۇس ئايالى ،
ئۇزۇن يىللار ئايرىلغان يار يولىغا قارايدۇ ....

1970 - يىلى ، قىش . ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

## باياندايى جېڭى

(داستان)

1

- ئېيتقىن بوۋا، ئېيتقىنا، باياندايىنىڭ جېڭىنى،
- ئۇزۇن تارىخ، بۇ بالام، ئېيتىپ كەلسەم چىننى.

توقسان بەشلىك يېشىم بار، كۆز گۈنۈم يوق كۆزۈمدە،
كىچىكىمدە ئاڭلىغان نەۋكەر بوۋام گېپىنى.

يۈز يىل بۇرۇن يات دۈشمەن كەلگەن شەرق تەرەپتىن،
قەستى ئۇنىڭ قۇل قىلماق تەگرى ئوغۇل قىزىنى.

پەلەك سالدى جۇدالىق يارى كەتتى يىراققا ،
يىغلاپ قالدى ياش ئانا كىم ئۇلارغا قارايـــدۇ.
كەچكوزدىكى غازاڭدەك ئۇچتى ئاھو- پەريادى ،
پەلەك زوۋقۇم يەتكۈزدى ھەرتەرەپكە پالايدو .
خوشلىقي شۇيىندا بىرجۈپ گۈلي ھەمدەملىك ،
ئۇلار ئۇچۇن نان ئىزدەپ ، ئىشلەپ زادى ھارمايدۇ.
روزغار غېمي، خورلاشلار يىگەلمدى ئانىنـــى،
ئايال ئەمەس ئۇبىر مەرت ئەرەنلىككە يارايـــدۇ.
نامۇ ئالدى « مەھبۇسنىڭ ئايالى» دەپ شۇيللار ،
ئاشۇنامدىن زوقلىنار ھەرگىز ئۇنىڭدىن تانمـــايدۇ.
ۋەتەننى دەپ يار كەتتى سۈرگۈن بولۇپ تارىمغا ،
يارئىشقىنى چىڭ ساقلاپ ، چاچلىرىنى تارايـــدۇ.
بوسۇغىسى كۆرمدى يات ئاياقـــلار ئىزىنى ...
يارسۆيگۈسى دىلىدا گويا كۈندەك پارلايـــدۇ.
تۈنجى ئۇيۇش ، ۋەدىلەر يارنىڭ ھىيدى دىماقتا ،
ئۇتمەي گويا ئىپاردەك گۈپۈلدەيدۇ - پۇرايـدۇ .
ناگان - ناگان چۈشىدە كېلەر يارى ئىشىككـــە ،
ئۇنى مەھبۇس ئايالى گۈل - چېچەككـــە ئورايدۇ .
بەزەن ھېيتتا - بايرامدا ئۆكسۈپ ئاچچىق ياش تۆكەر ،
چۈنكى ئۇنىڭ باللىرى دادىسىنى سورايـــــدۇ .
چۈشۈم كېلەر ،- دەيدۇ ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ھەردەمدە ،
شەك - شۆبھە يۇ گۇمانىنىڭ يوللىرىنى تورايـــدۇ .

سادىر دەيدۇ: «ئېلىم بار ـ يۆلەنچۈگۈم، تېخىم بار!»
ئازاپ چەككەن مەزلۇم ئەل بەرگەن ئاڭا مېھرىنى.

«ئەييا!» دەيدۇ زارلىنىپ، كۆرەڭدىكى جالاڭ دارىن،
ئارلىم خۇدا ئۇخلالمىدى، ئۆتكۈزەلمەي كېچىنى.

بۇ يالت زېمىن، باي تۇپراق، شۇنچە سېمىز تەييار گۆش،
تاشلاپ زادى كېتەلمــــــــەس ئېچىشتۇرار ئىچىنى.

ئەخمەق ئىكەن جالاڭ جاڭجۇن سېپىل سوقتى قەدەمدە،
قۇتقازماق بوپ ئۆلۈملەرنى ئەجەل تەككــەن بېشىنى.

3

ئەرك تۇغى غالىپ تۇغ سوزۇردى يالقۇنى شىددەتتە،
بايانداينىڭ تىقىلدى يالۇ يىغالمـــاي ئېسىنـــى.

«بايانداينىڭ سېپىلى ـ ئىگىز، قېلىن ھــــەم پۇختــا،
ـ دەيدۇ دوتەي: ھەي چەنتو، بىكىسك بولسا ئال قېنى!!

ئوق ياغدۇرار يامغۇردەك ئىگىز، ھەيۋەت سېپىلدىن،
گۇمبۇرلىتىپ گاھىدا جەڭ دۇمبىغى ـ دېيىنـــى.

ھەر قەدەمدە قان تۆكەر، ئەلنى باستى بىر ئاپەت،
يۇرت ھەققىگە چاڭ سالار تويغازماق بوپ گېلىنى.

زەپ زامانىدى ئەل ئويغاق، تاشقان دەريا غەيرىتى،
ۋەتەن دېسە، ئەل دېسە بەرگەن ئەزىز جېنىنى.

مەرتلەر ئىچرە مەرت ئىدى سادىر خاكرۇق ئۇ چاغلار،
ئانا تارىخ ئۇنتىماس شۆھرىتىنــــــى - دېگىنــــــى.

2

ئۆسكەن ئىلى بويىدا، ئەل قايغۇسى ئويىدا،
قىساس ئوتى يانلۇرغان ئۇنىڭ پاكىز دىلىنى.

قولدا پولات قىلىچى، ئەرك كۆيىنى ياگرىتىپ،
ياۋغا قارشى ئاتلانغان ئونبەش دېمەي يېشىنى.

مەرت ئاتالدى ياش سادىر قالدى قانلىق زىندانلار،
ئىگەلمىدى باتۇرنىڭ مەزمۇت، قەيسەر بېلىنى.

قان، ياش ئاقار يىغلار بىنا بولدى بىر تۇپــــــان،
قانداق توسسۇن جاڭ دارىن ئەلنىڭ غەزەپ سېلىنى.

گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن كەلدى زېمىن لەرزىگە،
ھەق ـ ئادالـــەت ۋۇلقىنى يۈزتتى سېپىل تېمىنى.

بوران ئۇخشاش تاشلاندى چۈقان سېلىپ بارچە ئەل،
سېپىلدىكى دۈشمەننىڭ چاقماق بولۇپ چېشىنـــى.

دارغا ئاستى دوتەيىنى، بىر رەت چىقتى يۈخادىن،
شادىيانىدا مەزلۇم ئەل يۈيۈپ كۆڭۈل دېغىنى.

4

گەجگىسىدە سېپىلنىڭ سادىر تۇرار قەد كېرىپ،
ئالامانغا كـــۆز تاشلاپ باسالماستىن ھىسىنى.

سانجاق ـ سانجاق نەيزە، تۇغ يانار قۇياش نۇرىدا،
باسقان شادلىق دۇلقىنى سېپىل ئىچى ـ تېشىنـــى.

« قېرىنداشلار ـ دەر سادىر ـ ئەرك كۈنىڭ مۇبارەك،
يەر چىشلەتتۇق خاقاننىڭ ئاغزىبى قانلىق ئىتىنـــى.

بۇ بىر قەدەم مەنزىلگە ئالدىمىزدا چوڭ يۈرۈش،
تېخى يالۋىنىڭ ئاستىدا چەكسىز ۋەتەن زېمىنـــى.

بېيجىندىكى شۇم خاقان بەختىمىزگە كۆز تىككەن،
قەستى ئىچمەك ئەبەتكە ئەلنىڭ قان، ياش، تېرىنى.

ھەپتە ئۆتتى كۆتۈشتىن تىت ـ تىت بولار يىگىتلەر،
تالاي مەرتلەر بەردى جـــــان ھېچ قىلالماي ئىپىنى.

«مەرتلەر!» ـ دېدى شۇ سادىر جەڭچىلەرگە كۆز تاشلاپ،
كۆرۈپ مەرتلەر يۈزىدە ئەلنىڭ ھـــــەســرەت ـ غېمىنى.

«ماڭ ئارقامدىن، مەرت بولساڭ سىپىل مەھكۇم ئۆلۈمگە،
رەھىم قىلماي سورايلى ئۇنىڭ كۆككـــــە كۆلىنى.»

تۈشمۇ ـ تۈشتىن ئەگەشتى ئوتتۇز يىگىت سادىرغا،
تەييار ئىدى ئەل ئۈچۈن ئاققۇزماقــقـــــا قېنىنى.

شىرغا ئوخشاش سۈر بىلەن چۈشتى مەرتلەر مەيدانغا،
ئاتقان ئوقى، تويلىرى قورقىتـــالار كىمنىـــــــى؟!

ئۆتتۈپ قانچە توساقتىن يەتتى سىپىل تۈۋىگـــــە،
ئىش باشلىدى زەرب بىلەن تۆتتۈپ ئەپلىك پەيتىنى.

لەخمە قازدى ئۈچ يەردىن دورا كۆمدى پۈختىلاپ،
«تەييار!» ـ دەيدۇ يىگىتلەر مەھكەم تۆتتۈپ پىلتىنى.

ئۆز قولىدا ئوت ياقتى سادىر كۆرەڭ سىپىلغـــــا،
پۈتمەس غەيرەت ـ جاسارەت ئوراپ ئالغان جىسمىنى.

قارا ئىبلىس قامچا تۇتۇپ مىنگەن ئېلىم بېشىغا،
ماناس ئاققان قان، زەرداپتا تولۇپ ئەلىنىڭ يېشىغا.

كەچكۈز ئىدى، چاقتى چاقماق، كەلدى زېمىن لەرزىگە،
خان تەڭرىدىن چىقتى كۈنۈم، چۈشتى دۈشمەن ۋەھىمىگە...

تەڭرى ئوغلى سالدى چۇقان زۇلپىقارى قولـــــدا،
قاچتى دۈشمەن، ياندى تۇغلار، ماناس دەريا بويىدا...

ئىسىمدە بار توپ ئالدىدا مىنگەن جەرەن ئاغمىغى،
نۇسرەت قونغان شۇ بېشىدا بوۋام كەيگەن قالپىغى.

«قېرىنداشلار، ئەرك مۇبارەك، - دېگەن داھى ئەخمەتجـــان، -
دەست كۆتەردى مەرت قەددىنى بىزنىڭ شەرقىي تۈركستان.

بۇ بىزنىڭ يەر. بىزنىڭ ۋەتەن، يات دۈشمەنىنىڭ يوق ھەققى،
يولىمىز ھەق، غەلبىمىز نەق، بىز مەزلۇم ئەل پەرزەنـــدى.

يېتەر قۇللۇق، ئال ئەركىڭنى، خار بولمىغىن نامەرتكە،
ئەل قىساسى يالقۇنلىسۇن، ھەيدە ياۋنى لەھەتكـــــە!

ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىن ئىنسان بولساڭ مۇبـادا،
ئەرك، ھۆرلۈك شۇنچە قىممەت تەڭدىشى يوق دۇنيادا.

كۆن چىقىش، دەپ ھالڭ باقما، سەگەك بولغىن ۋەتەنداش،
شۇنىڭدىن كېيىن قەست دۈشمەن قىلىپ ھىلە- مىكرىنـــى.

ئەۋلادىمىز ھاياتكەن قۇل بولۇش يوق شۇم يولۇغـــا،
بىز قوغدايمىز جان تىكىپ ئەلنىڭ نۇسرەت بېغىنى!»

5

ئۆتتى يىللار ئەسىرلەر، ئەلنى باستى جاھالەت،
ئۇنتۇمىغان مەزلۇم ئەل سادىر بوۋام ئېيتىنـــى.

بوۋام روھى ياتمايدۇ ئەلنى چىللاپ غازاتقـــا،
ئىنتىزار بوپ كۆرمەككە ئەلنىڭ يورۇق تېگىنى.

1971 - يىلى، فېۋرال. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا.

## ماناس بويىدا

ئۆتتى يىللار، ئۇ كۈنلەرگـــە ئۆتتى تالاي بىر زامان،
ئەشۇ كۈنلەر خاتىرەمدىن مەڭگۈ چىقماس ھېچقاچان.

كىچىك ئىدىم، گۈدەك قەلبىم دەرت ئەلەمگە يار ئىدى،
ۋەتەن ۋەيران، ئېلىم بىر قۇل، يورۇق تاڭغـــا زار ئىدى.

## بۇلبۇلغا

تېپىپسەن يارىڭنى، ئەي بۇلبۇل، باھاردا شادىمان ئەيلە،
كۆرەلمەس قاغا۔ قۇزغۇننىڭ دىلىنى لەختە قان ئەيلە.

باھار يىلىنىڭ ئەجەپ پەيتى، ئۇنىڭ خۇش گۈللىرى ئەلۋان،
چېكىپ ئەجرۇ ۋىسال تاپتىڭ، بۇ ئالەمگە ئايان ئەيلـــــە.

كەمىنەڭ ناتاۋانلىقتا نىگارىم ئىشقىدا ھەر كـــــۈن،
ئۇنىڭ گۈل ۋەسلىنى كۈيلەيمەن شۇ ھالىمنى بايان ئەيلە.

1971 ـ يىلى، باھار. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غولجا

## بۇلبۇل ۋە گۈل

بۇلبۇل: نەچچە يىللار ناتىۋان بۇلبۇل گۈلۈمنى ئاران تاپتىـــم،
گۈل: گۈلۈڭمەن غەمدە، ھىجرىڭدە يولۇڭغا ئىنتىزار باقتىم.

بۇلبۇل: گۈلۈم، كۆركەم ۋىسال پەيتى سېنىڭ ئىشقىڭنى مەن كۈيلەي،
گۈل: سايرا، بۇلبۇلۇم سايرا، يۈزۈمنى بىر ســـاڭـــــا ئاچتىم.

1971 ـ يىلى، باھار. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غولجا

تەگرى ئوغلى، سۇرۇپ ياۋنى، پاكلا ۋەتەن كۆكىنى!
دېگەن داھى جۇت بولۇتقا نەيزە ھىلىپ قولىنـــــــــى.

ماناس دەريا ياتار مەرتلەر ئاكوپلاردا ئۇمتۇلـــــــــۇپ...
مەشئۇم بولۇت ئالىياتتى گۈل بەختىمگە مۇز تۆكۈپ...

داھى ئۆلدى، كەلدى خەۋەر ئەلنى باستى مۇسىبـــــەت،
ھەيۋەت تەگرى باشنى ئەگدى، دىلنى ئەزدى ئاچچىق دەرت.

قالدى كىشنەپ مىگلاپ تۇلپار، قالدى مەرتلەر ياش تۆكۈپ،
توستى بولۇت يۇلتۇزۇمنى. قالدى باغلار سولۇشـــــۇپ...

لالما بولۇت ـ سەن زۇلمەتنىڭ سۆيگەن يارى ـ ئاشناسى،
شۇ بوينۇڭدا بەختى كۆلگەن گۈل ئېلىمنىڭ قىساسى.

ئۆتتى يىللار، قىساس ئۆلمەس، باقى ئەمەس زۇلمـــــەت تۈن!
چىقار بىر كۈن مەڭگۈ پارلاپ خان تەگرىگە چۆككەن كۈن!

1971 ـ يىلى، مارت. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## چولپانغا

ئون سەككىزلىك يېشىڭدا،
ئەلەم كۆپتۇر بېشىڭدا،
بىر مەرتلىك بار ئىشىڭدا،
ئۇيغۇر قىزى - چولپۇنۇم.

ئەرك دېدىڭ ئەل ئۈچۈن،
بۇ مۇقەددەس يەر ئۈچۈن،
دىلدا ياندى بار ئۇچـــۇق،
ئۇيغۇر قىزى - چولپۇنۇم.

قارا تۈندە ئوت يېقىپ،
گويا چولپان نۇر چېچىپ،
ماڭدىڭ تاڭغا يول ئېچىپ،
ئۇيغۇر قىزى چولپۇنۇم.

زۇلمەت توستى يولۇڭنى،
باغلاپ پۇت ۋە قولۇڭنى،
ئۈچەرمە كېچى ئۈنۈڭنى،
ئۇيغۇر قىزى - چولپۇنۇم.

## سابا يەتكۈز سالاممنى

سابا يەتكۈز سالاممنى نىگارىمغا يامان بولدۇم،
كۆيۈپ كۈل بولدۇم ھىجرانىدا چىرايى زەپىران بولدۇم.

پەلەك سالدى جۇدالىقنى قەدىردان بۇلبۇلۇم كەتتى،
بېغىمغا قوندى شۇم قۇزغۇن يۈرە كىم لەختە قان بولدۇم.

قېنى باغۇمن، باھار پەيتى بېغىنى شادىمان قىلماي،
دىلى خانۇز ماڭا يىغلار ئىگەم يوق ناتاۋان بولدۇم.

ياقامنى چاك ئېتىپ ھەردەم كۆتەرمەن يار نىگاھىنى،
قۇياش سۆيمەي پۇتاغىمنى ساغىرىپ سامان بولدۇم.

ۋاپاغا ئىشقۇاز كۆكلۇم پەلەكنىڭ خورلىغىن تارتتى،
گادامەن ئىشق بازارىدا رەسۋايى جاھان بولدۇم.

ئىست كۆكلەممۇ ئۆتمەكتە ۋىسال باغىدا كۈلمەستىن،
خۇمارىم نە خىيال ئەيلەر پەسىل يەتمەي خازان بولدۇم.

سۇلارمەن شورلۇق ئىشقىمنىڭ لەزىز قايغۇ- ئازابىدىن،
مۇھەببەت ئالىمى ئىچرە ۋاپاغا چىن خاقان بولدۇم.

1971 - يىلى، باھار. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غولجا

زىندان ئىچرە ئەگمەي باش،
كۆزلىرىڭدىن تۆكمەي ياش،
ياۋ ھىلىسىن قىلدىڭ پاش،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

ئەل ئاغزىدا داستانسەن،
ئەزىم دەريا تاشقانسەن.
قانچە بەلدىن ئاشقانسەن،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

ئۆتتى ئايلار، ئۆتتى يىل،
قىساس ئوتى ئۆچمەس، بىل؛
تاڭلار ئېتىپ ياشنار دىل،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

چولپىنىما - چولپىنىم.
ئون سەككىزگە تولغىنىم.
بىر تۈرمىدە بولغىنىم.
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

1971 - يىلى، باھار. ئوبلاستلىق تۈرمىسى - غۇلجا

## چولپانغا

ئون سەككىزلىك يېشىمدا،
ئەلەم كۆپتۇر بېشىمدا،
بىر مەردلىك بار ئىشىمدا،
ئۇيغۇر قىزى - چولپۇنۇم.

ئەرك دېدىڭ ئەل ئۈچۈن،
بۇ مۇقەددەس يەر ئۈچۈن،
دىلدا ياندى بار ئۈچـــۈڭ،
ئۇيغۇر قىزى - چولپۇنۇم.

قارا تۈندە ئوت يېقىپ،
گۈيا چولپان نۇر چېچىپ،
ماڭدىڭ تاڭغا يول ئېچىپ،
ئۇيغۇر قىزى چولپۇنۇم.

زۇلمەت توستى يولۇڭنى،
باغلاپ پۇت ۋە قولۇڭنى،
ئۆچەرمە كچى ئۈنۈڭنى،
ئۇيغۇر قىزى - چولپۇنۇم.

ئەركى يوق ئەل ـ ئەل ئەمەس، ئۇ بىر قۇللۇق بازارى،
يالغۇق ئەلنىڭ ئىشقىدا كېچە- كۈندۈز ئېچىنىپ.

قېينى ئىدى ئايرىلىش گۈزەل چىرچىق بويىدىن،
چاقىراتتى گۈل ۋەتەن بىزگە قاراپ ئىنتىلىپ.

قايتتۇق ۋەتەن قوينىغا بەربات بۇلىدى ئارزۇلار،
تۇرغان ئىكەن نەس زالىم ھەرقەدەمدە تور سېلىپ.

بىز پالانلۇق چۆللەرگە ئۆمۈردىمىز ئۆچمىدى،
قارا تۈنلەر قوينىدا يورۇق تاڭنى ياد ئېتىپ.

شۇ پىشانەڭ ئوڭ ئىكەن قايتا ئۇچتۇڭ گۈلشەنگە؛
ئارزۇيۇڭغا يەتتىڭسەن خىزىر ساڭا يول بىرىپ.

مەنمۇ ماڭدىم شۇ يولدىن لېكىن تەلەي كاژ كەلدى،
«ئېگىتلام» دا تۇتۇلدۇم ئاز قالغاندا بىر غېرىچ.

ئالىمايمەن بەختىمدىن چىن تۆمۈرلى باشالاپ كەل،
يالماۋۇزدىن قۇتقازسۇن مەختۇمنى تېز كېلىپ.

باتۇر كەلسە شان قوچۇپ مەختۇم يەتەر ئارمانغا،
شۇندا چوڭ توي بولغۇسى بارچە ئەلنى شاد قىلىپ.

## دولقۇنغا (1)

كېچە كۆردۈم چۈشۈمدە يۈز گۈزدە كىمىز يېتىلىشىپ،
گۈزەل ئەنهار بويىدا سېنىڭ بىلەن چـــاي ئىچىپ...

ئەپسۇس، بىر چاغ ئويغاندىم، ئۆچتى خىيال قۇشلۇرۇم...
ئون يىللاردىن ھالقىدى سەن تەرەپكە يول ئېلـــــپ،

ئىسىمدە بار تېخىچە... بىز قورغاستىن ئۆتكەن كۈن،
ئالدىمىزدا تۇراتتى گۈزەل دۇنيا كۆز ئېچـــپ .

قەلبىمىزدە ۋەتەننىڭ شۇ بىباھا سۆيگۈســـــى،
جۇش ئۇراتتى ھولقۇنلاپ، تەنگە سىغماي ئېتىلىپ.

كۆپ بولۇشتۇق سورۇندا. تۇققانلارنىڭ يۇرتىدا،
ئىنسان بەختى ھەم ئەركى تۇرار بۇندا نۇر چېچىپ.

شۇندا بىلدۇق سەپداشلار ئەرك نېمە، ئەل نېمە،
بىلدۇق ۋەتەن قايغۇسىن ئوي، پىكرىمىز يېتىلىپ.

ۋەتەن مېھرى ئۆزىدىگە چ يازدۇق ئوتلۇق ئەشئارلار،
شۇ ئالدامچى تارىخنىڭ ياقىسىغـــا ئېسىلىپ.

قارا ساچىم ئاقارىپتۇ ھىجرىڭدا دائىم،
ئارمان يوقتى كۆرۈپ ئۆلسەم گۈل نىگارىمنى.

(نەقرات)

## تورغاي ناخشىسى

ئېلى يولى ئەگرى توقاي ـ ئەگرى تۇقاي،
توقايلىقتا سايرايدىكەن بىر جۈپ تورغاي.
تورغاي سورار ئامرىغىمنى مەندىن تىنماي:
ـ يالغۇزلۇقتا سېنىڭ كۆڭلۈڭ قانداق تولغاي؟
ـ يەلەك سالدى جۇدالىقتا بىزنى قويماي،
ئاڭلا تورغاي، يارىم كەتتى يۈرەك تويماي.
ئېيت زارىمنى ئامرىغىمغا بىر- بىر قويماي،
شۇ باھاردا يارىم كەلسە نېمە بولغاي؟
قاي قىزىل گۈل خوش ئېچىلغان بۇلبۇل قونماي،
قايسى ئاشىق مۇرات تاپقان مەشۇق بولماي؟
يۈرەكتىكى ئارمىنىمنى بىلگەندەك ئۇ،
باش ئۈستۈمدە ئايلىنىدۇ ئەشۇ تورغاي.

## ئايدوڭ ناخشىسى

باراقسان مەللەر گۈلباغلار ئارا،
قەدىناس شۇ ئايدوڭ گۈزەل ھەممىدىن.

تېپشارمىز قەدىناس ئەشۇ تويدا۔ بايرامدا،

ئارزۇمىزغا يېتەرمىز نەغمە ۔ ناۋا ساز چېلىپ.

1971 ۔ يىلى، باھار. ئوبلاست تۈرمىسى ۔ غولجا

(1) دولقۇن ياسىن (ئۇچقۇن) ــ تالانتلىق شائىر ۋە ئاتاغلىق ژورنالىست. شائىر بىلەن چەتئەلدە بىللە ئوقۇغان ۋە بىللە خىزمەت قىلغان سەپدىشى. 1968 ۔ يىلى 10 ۔ ئايدا چەتئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەن، ھازىر ئالماتىدا.

## ناخشىلار

### قارا ساچىم ئاقارىپتۇ...

ئالەم ئۈزۈن زالىم پەلەك ئەزدى باغرىمنى،

قىسقا ئۆمرۈم كۆرەرمىكىن بويى تالىمنى.

ئاھا يارىما، سەرۋى نازىما،

ئىشقى ئوتتۇ گدا كۆيدى جانىما.

چەككەن ئازاپ، قانلىق ياشلار يېتەر ئۆمرۈمگە،

كېچە يۈلتۈز، كۈندۈز كۈندىن سورا ھالىمنى.

(نەقرات)

ئۆتەر يىللار ئۈمىت بىلەن يولۇ گغا قاراپ،

ئاشىق بولساڭ تېزراق كۆرسەت ئاي جامالىڭنى.

(نەقرات)

ۋاپاغا ئاشىقمەن بۇ ھىجران يۇتەر،
ئايدىڭنىڭ باغلىرى بۇلبۇلنى كۈتەر.

1971 ـ يىلى، ماي. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

(1) 1962 ـ يىلى 29 ـ ماي ۋەقەسى قىرغىنچىلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. يۇقىرىدىكى تىكىستلەر شۇ نامدىكى ناخشىلارغا تەقلىد يېزىلغان.

## دىلبەرگە

ئايا دىلبەر، سېنىڭ قەددىڭ سەرۋىلەرنىڭ ئاتاسىمۇ،
جاھان باغىدا گۈللەرنىڭ ئەجەپ كۆركەم زىباسىمۇ؟

كۆزۈڭلىن ئامىتىڭ كۆرۈپ پەلەكلەرگە بېشىم يەتكەن،
ئېقىپ يۇتمەس بۇلاقلارنىڭ كۆزۈڭ چەشمە جالاسىمۇ؟

دىلىم چۆككەندە زۇلمەتكە يۈزۈڭنىڭ شولىسى چۈشكەن،
يۈزۈڭ ۋىسال تۈنى يانغان يورۇق ئايى ـ چىراغىمۇ؟

سېنىڭ مېھرىڭ بولۇپ ئاپتاپ كۆزۈمدىن نەمنى كەتكۈزگەن،
سائادەت تاڭلىرى كەزگەن شۇ كۈننىڭ نۇر ـ زىياسىمۇ؟

پەلەك سالدى جۇدالىقنى دىلىمدا قالدى بىر ئاتەش،
ئارام بەرمەس بۇ تۈنلەردە ماڭا قالغان بالاسىمۇ؟

يار يۈرگەن كوچىلار يۈرەككە داۋا،
سۆز باشلار سۆيگۈنىڭ باھار پەسلىدىن.
قويىنۇڭدا ئۆستۈرمەن يار بىلەن بىللە،
ئىشقىمغا كېپىلسەن، ئەي ئايدىڭ مەلە.

ماي ئىدى، جۈت سوقتى تۇكۇلدى گۈللەر (1)
بۇلبۇلۇم جۇدا بۇپ كەتتى يىراققا.
كاۋ پەلەك دەستىدىن غەمكىن كۆكۈللەر،
غونچىلىرىم، سۇلدۇممەن ئۈتتى - پىراقتا...
يار كەتتى، مەن قالدىم غۇلجا - ئايدىڭدە،
يار سېنىڭ سۆزلۈرۈڭ دائىم يادىمدا.

كۆپ بولدى يارىمنىڭ كەلمەس نىشانى،
شۇ يازغان خەتلىرىم يەتمەس تارىمغا.
دەرت چەكتىم ھىجرانىنىڭ بارمۇ ۋىسالى؟
يەر- ئاسمان تولغاندۇر ئاھۇ - زارىمغا.
ئايدىڭ ھەم تارىمنىڭ ئارىسى يىراق،
يىراقلىق ئۈزەلمەس كۆڭلۈمنى بىراق.

ئەي ئىلى بويىدىن ئۇچقان شاماللار،
بەر خەۋەر يارىمدىن، بارمىدۇ ئامان؟
يولۇمنى توسالماس دۇمپەش داۋانلار،
تاپارمەن يارىمنى بىر كۈنى ھامان.

## كەلدىم

نىگارا كۆزلىرىڭ ئاچقىن ئوتتۇ گدا سېغىنىپ كەلدىم،
گۆھەردەك تازا مېھرىڭنى دىلىمغا جا قىلىــپ كەلدىم.

شۇ يىللار ئۆتتى ھىجراندا نىگاھىڭ ئىشقىــدا زارلاپ،
غېرىپلىق پاتتى جانىمغا گۈلۈم قەدرىڭ بىلىپ كەلدىم.

قېنى بېغىمغا قەست قىلغان شۇ ئاچكۆز بەدنىيەت دۈشمەن،
ئالاي ئۇندىن قىساسىمنى پولات خەنجەر ئېسىپ كەلدىم.

ئاشىقلار ھېچ مۇرات تاپماس رەقىپنى شارمىسار قىلماي،
باسارمەن شۇم رەقىپلەرنى ئىزىم دەريا تېشىپ كەلدىم.

غۇبار قالغايمۇ كۆڭلۈمدە كۆكۈ گنى پاكلىسام جۇتتىن،
پېشانەمدە ۋىقار پارلار يورۇق نۇرلار چېچىپ كەلــــدىم.

باھار كەلمـــــــەكتـــــە ئەي ياران، ۋىسال ئارزۇسىنى يادلا،
سابا مەن غونچە گنى سۆيمەككە ئېگىز تاغلار ئېشىپ كەلدىم.

گەرە سال بوينۇمغا تارتىنماي، بىمار قەلبىڭ شىپا تاپسۇن،
بولۇپ پەرۋانە ئىشقىڭدا گۇيا ئاتەش يېنىپ كەلــــدىم.

نىگارىم ئىشقىنى كۆيلەپ، شۇ خىسراۋدىن بالا كەلدى،
قولۇمغا سۇقۇيالمايدۇ شۇ پەرھاتنىڭ جاپاسىمــــــــــۇ.

كۆزۈمدىن ئاقتى قان، ياشلار ھىجران چۆلىدە دەرت چەكتىم،
بولسا ھەم شۇنچە بولغاندۇر شۇ ۋامۇقنىڭ ۋاپاسىمــــــــۇ.

ئۆتەر يىللار، دىلىم خانىۋز، نىگارىمدىن خەۋەر كەلمەس،
يولىغا ئىنتىزار بولدۇم كۆرۈنمەيدۇ قاراسىــــــــمــۇ.

نىگارىم بىر نەزەر سالسا رەقىبىم قان يۇتۇپ پۈتكەي،
غېرىپ باشىمدىن كەتمەمدۇ ئۇنىڭ خورلۇق ـ ئىزاسىمۇ.

قولىغا گۈل ئېلىپ كەلسۇن ۋاپاسىنىڭ نىشانــى دەپ،
يىشىلسۇن بۇ چىگىشلەنگەن كۆڭۈلنىڭ مۇددىئاسىمۇ.

ۋىسال شارابىدىن ئىچسۇن نىجادى دەممۇ ـ دەم تىنماي،
بۇ دۇنيادا مۇرات تاپسۇن شۇ مەجنۇن مەھلىياسىــمۇ.

1971 ـ يىلى، ياز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر ،
دەرغەزەپ دېگىزىدەك تاشىدۇ دىلىم .
ۋەتىنىم كەلمەكتە ئاجايىپ دەملەر ،
سەن ئۈچۈن پىدادۇر مېنىڭ ياش جېنىم .

1971 - يىلى . ياز ، ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

## بادام ۋە شامال

مۇلبەت تارىم ۋادىسىدا بادام زەپ ئۆسەر ،
لېكىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى قۇزغۇنلار تۆكەر .

شورلۇق بادام ھەسرەتلىنىپ ئېيتار زارىنى ،
ئۆچۈپ ئۆتكەن شاماللاردىن تېز جاۋاپ كۈتەر :

« كۆكلەم گۈللەپ ، تومۇز يازدا پىشتۇقمۇ يامان ،
قېنى باغۋەن ، شۇ ھىجرانلىدىن نە مۇرات پۈتەر ؟

قىشتا جۇدۇن ، يازدا قۇزغۇن بەرمەستىن ئارام ،
مەرت باغۋەننىڭ ھەق ئەجرىگە زەخمەت يەتكۈزەر .

باغۋەن كەلسە مەن كۈلەتتىم قۇزغۇن يوقالسا ،
- دەيدۇ بادام تاتلىققىنە خىيالغا چۆكەر ...

بەخت بولغايمۇ ئالەمدە چېكىپ ئەجرۇ ۋىسال تاپسا،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق، ئىشىت سۆزۈم ئېيتىپ كەلدىم.

1971 ـ يىلى، ياز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

## ئون يەتتە يېشىمدا
( بىر ئوقۇغۇچى قىز ئاغزىدىن )

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر ،
قاتمۇ ـ قات غەم ئارا قالدى بۇ بېشىم .
كاژىيەلەك دەستىدىن چەكتىم ستەملەر ،
ياش تۈرۈپ زىنداندا ئاقاردى چېچىم .

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر ،
زەھەرلىك ئاغۇغا ئايلاندى ئېشىم .
ۋەتەننى ئويلىسام كۆزۈمدە نەملەر...
ھەسرەتلىك تارىمدەك ئاقىدۇ يېشىم .

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر ،
ئەركى يوق قۇللۇقتا سۆزلەلمەس تىلىم .
خازان بوپ سولاشتى باغۇ ـ چىمەنلەر ،
قەپەزگە ئايلاندى كەڭتاشا ئېلىم .

نالىمىغىن، ياراڭ تاپار كۆكلــەمــدىن شىپا،
«سەبر قىلساڭ تۈك غورىدىن شەرۋەتلەر پۈتەر.»

قەددىن رۇسلاپ بادام كۆلەر ۋىسال ئارزۇلاپ،
ئۈنىڭ مەجرۇھ شاخلىرىنى شوخ شامال ئۆپەر...

1971 ـ يىلى، ياز، ئوبلاست تۈرمىسى ـ غولجا

## بەنجاڭ

ۋەتەن دېسەم تۈرمىگە سولىدىڭ يامان بەنجاڭ،
كۆزلىرى قىزىل قانلىق چىرايى سامان بەنجاڭ.

تۈرمەئىچرە مىگلاپ جان زۇلمىڭنى ئەجەپ تارتتى،
ئىنسانى پەزىلەت يوق قان ئىچكۈچ قاۋان بەنــجاڭ.

پۈتۈنمىغا كىشەن سالدىڭ، قولۇمغا پولات كويــزا،
كەسپىڭدۇر ئورۇپ، تىللاش قارا يۈز بىشمان بەنجاڭ.

ھەر كۈنى چۈمۈش داغىسۇ، قارا قاگودا زەپ «باقتىڭ»،
كىشىگە قىلچە رەھىمىڭ يوق زەھەرلىك ئىلان بەنــجاڭ.

قولۇڭدا قارا كۆسەي، ئۇرۇپ ئۆگزىدە تۈۋلايســەن،
تېشىڭ پال ـ پال، ئىچىڭ تال ـ تال قورقانچاق قويان بەنجاڭ.

خانتەگرىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەيۋەت شامباللار،
بولۇت باغرىن پارە قىلىپ سۆز قوشۇپ ئۆتەر:

«ئالىمغىن شورلۇق بادام باغۇنىڭ مەختــــۇم،
يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدا دەرت ـ ھەسرەت چېكەر.

كۆن چىقىشتىن تىمسىقلاپ كەلگەن ياۋۇز ئۇ،
قانلار تۆكۈپ بۇ تۇپراقتا پەيزىنى ســـۇرەر.

كويىقاپقا باش ئەگمىدى شۇ قەيسەر مەختۇم،
تەشنا بولۇپ كۆز ئوڭىدا باتۇرنى كـــۆرەر.

ئاھ ئىسسىت، دەپ تاغلار كېزەر باتۇر كۈنى ـ تۈن،
كويىقاپنى گۇم قىلماقنىڭ قەستـــــدە يـــۈرەر.

يوقالماستىن شۇم يالماۋۇز قۇرۇماس ئاپەت،
قاغا: قۇزغۇن، شۇم زىيانداش يوقالماس بىلەر.

جەم بولغاندا باتۇر، مەختۇم باداملىق باغـــدا،
بۇ جاپاكەش چەكسىز تۇپراق شاتلىقتا كۈلەر.

كۆزۈم چۈشتى سىياقىگىغا شۇئاندىن بىئارام بولدۇم،
بويۇڭغا بىباھا زىننەت ھۆسنۈڭدە قارا ساچىڭ.

سايانى ئەمشۇ ئاكەسلەر خارلاپ ساچنى كەستۈردى،
مېنىڭچۈن ساقلىغىن دائىم كۆكسۈڭدە قارا ساچىڭ.

تاراپ ساچىڭنى پەرۋىش قىل يەتسۇن ئۇ كامالىغا،
ئاۋايلا شۇم رەقىپلەردىن ئۆردۈرمە قارا ساچىڭ.

بولۇتتەك ئويىنغاي ھەردەم ئەسكەن شۇ سابالاردا،
بىھۇدە بولما ئاۋارە كۆيدۈرمە قارا ساچىڭ.

باغلىساڭ قوللىرىم باغلا نىجادى بىر قۇلۇڭ بولغاي،
ئازار بىرىپ جالا ئاسما سۆردۈرمە قارا ساچىڭ.

1971 - يىلى، ياز. ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا.

## سەپدىشىم تۇرغان داراغا (1)

ئۆتتى توققۇز باھار ، ياز غازاڭ تاشلاپ قوغلۇشۇپ ،
ئاقتى قانچە دەريا - سۇ ھەسرەت بىلەن تولغۇنۇپ ...

كۆز شاملى گۇرۇلدەر يالغۇز زىندان ئىچىدە ،
شۇ زىنداندا ئۆلتۈرار بىر مەرت باتۇر ئويلۇنۇپ .

زارلايدۇ سېنىڭ ئاپەت ئاياغىڭدىن يېشىل بوستان،
قەستىڭ ئەلنى قۇل قىلماق بالاخور چايان بەنجاڭ.

شۇم زالىملىق پەيلىڭدىن سەن ئەمدى زلۇال تاپتىڭ،
ئېلىمنىڭ قەھرى قوزغالدى تۇرالمايسەن ھامان بەنجاڭ.

ئەنە جۇڭگار، شۇ تارىمدا يېقىلدى نۇر چىراق گۈلخان،
چاشقان تۆشىگى مىگەر قاچارسەن قايان بەنــــــجاڭ.

ئادالەت تاڭلىرى ئاتار يېڭىپ ئاخىر زۇلۇماتــــــنى،
ئەشۇ كۈن يۈتكۈنۈڭ شۇدۇر قالمايسەن ئامان بەنجاڭ.

1971 ـ يىلى ياز. ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا.

## قارا ساچىڭ

نىگار كەتتىڭ يىراقلارغا كۆزۈمدە قارا ساچىڭ،
مېنى سالدىڭ پىراقلارغا سۆزۈمدە قارا ساچــىڭ.

ئۆزۈڭ خوش پېشىل پەرى پەيكەر قامىتىڭ قىزىل گۈلدۇر،
زىلالار تالى مەجنۇندەك دۈمبەڭدە قارا ساچــــــىڭ

تۇزاق قۇردى نەس زالىم مەرت باتۇر نىڭ يولــــغا ،
شۇم ئالۋاستى ھېچقاچان ئادەم بولماس ئوگشۇلۇپ . ...

كۆز شاملى گۆرۈلدەر يالغۇز زىندان ئىچىدە ،
شوزىنداندا ئولتۇرار بىر مەرت باتۇر ئويلۇنوپ .

زىندان ئىچىدە مەرت باتۇر ئۆتتى تالاي سىناقتىن ....
ئۆلۈم دىگەن كاساپەت كۆز تىكسمۇ دومسۇيۇپ .

قانداق يەگسۇن باتۇرنى قىيناش ، ئاچلىق ، ئازاپلار ،
ئەل ئىشقىدا يۈرىكى يېنىپ تۇرسا چوغلۇنۇپ ....

باتۇردەيدۇ : « جاھالەت كۆكۈم تالقان بولغۇسى ،
ئېلىم تاپار نىجاتلىق مەگگۈ پارلاق تاڭ يــورۇپ . »

قارا يىللار ۋەھمىسى يېگەلمىدى باتـــــۇرنى ،
چۈنكى ئۇنىڭ يۈلتۇزى يانار شۇنچە نۇرلۇنۇپ ....

1971 - يىلى ، ياز . ئوبلاست تۈرمىسى - غولجا .

(1) تــۇرغــان دارا ـــ 1944 - يــىلــدىــكى شــەرقــي تــۈركــســتــان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن بىرى. 1962 - يىلى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1971 - يىللارغىچە غولجا تۈرمىسىدە ياتقاندا، بىر مەزگىل شائىر بىلەن بىللە بولغان.

ئۆ ئويلۇنار ۋەتەننىڭ ئۈزگۈ ھەسرەت ـ مۇڭىنى ،
ئەشۇ ئويلار كۆيدۇرەر يۈرەك ـ باغرىنى ئوت بۇلوپ .

تېگىپ مەھكەم قەلبىگە ئانا تۇپراق مېھرىنى ،
ئۆتكەن قانلىق جەڭلەردە ئۇچقان غالىپ تۇغ بۇلۇپ .

ھەسرەتلىنىپ ئەسلەيدۇ ماناس دەريا بويىنى ،
تىزگىن تارتىپ ئېتىنىڭ قويغان ئىدى توختۇتۇپ .

شۇم ئالۋاستى ياسىنىپ چىن پەرىشتە رەسمىدە ،
كەلگىنىدە قول بەرگەن ئۆزدوستىغا ئوخشۇتۇپ .

ئالۋاستىدىن ھېچقاچان ياخشىلىق يوق ئىنسانغا ،
ياخشىلىققا يامانلىق قاتار كەلدى قوغلۇشۇپ .

نەس ئالۋاستى تويمىدى ئىچىپ ئەلنىڭ قېنىنى ،
ۋەيراندا بۇزۇەتەن قالدى باغلار سولۇشۇپ .

قانداق چىدار مەرت باغۋەن باھار چېغى گۈللىرى ،
خازاڭ بولسا ۋاقتسىز قايغۇ بىلەن پولۇشۇپ .

باتۇر ئالدى قېلىچنى يەنە تۇلۇپ غەيرەتكە ،
تارىم بىلەن تەڭرىتاغ كەتتى پۈتكۈل قوزغۇلۇپ .

نە ئارمان، بىر كېلىپ كۆزلەر يورۇق تاڭ سۈبھىنى سۆيسەڭ،
ئېسىڭگە ئال غېرىبىڭنى، ئامان بول، ئەلۋىـــــدا ئەمدى !

1971 - يىلى، كۈز. گوڭگەنتىنىڭ تۈرمىسى - ئۈرۈمچى.

## ۋىسال ئارزۇسى

ياشلىقىمىز دىلبىرىم گۈزەل ئىدى نەقــــەدەر ،
زۇلمەت ئىچرە قېپ قالدى ئۆتكەن كۈنلەرقارىسى.

ئايلار ئۆتەر ، يىل ئۆتەر مەن مەنزىلسىز سەپەردە،
كۆرۈشتۈرمەس بىزلەرنى قۇل يېتىم يەر ئارىســـى.

ئالىمايمەن ئەل ئۈچۈن زىندانلاردا ياتقانغــــا،
مەن ئەمەسمۇ ۋەتەننىڭ سۆيگەن يۈرەك پارىسى؟

بەس يىغلىما، سەبىر قىل يېتەر ئارزۇ ۋىسالغا،
شۇندا تاپار شىپالىق بۇ يۈرەكلــەر يارىسى.

1971 - يىلى، كۈز. گوڭگەنتىنىڭ تۈرمىسى – ئۈرۈمچى.

## ئەمدى

ئىشىت ئەرزىمنى ئەي دىلبەر، ئاداققى ئىلتىجا ئەمدى،
ئېچىلماس بۇ قارا كۆڭلۈم ئەلەمگە مۇپتىلا ئەمدى.

نىجاتلىق يۇلتۇزۇم سەندىك بېشىم ئۈززە يېنىپ تۇرغان،
يۈزۈڭنى جۇت بولۇت توستى، ئىست بەختىم قارا ئەمدى.

كۆزۈڭدىن ياشلىرىڭ كۆرۈپ قارا زۇلمەتكە پۈت ئاتسام،
رەقىبىم ئەزدى قەلبىمنى يۈرەك دەرتتىن يارا ئەمــــــدى.

ئاشىق دەردى شىپا تاپقاي گۈزەل مەشۇق ۋاپاســـــدىن،
يۈلى دۈشمەن رازا كۆرمەس تېپىلماس ھېچ داۋا ئەمدى.

بولۇپ بۇلبۇل سېنى كۈيلەپ، گۈلۈم غونچەڭ سۈيەلمەسمەن،
رىزا پۇل شورلۇق ئىشقىمدىن ساگا بولسۇن ئاگاھ ئەمــــــــدى.

تۇر ئويغان، قالما غەپلەتتە، رەقىپىنىڭ قەستى بەختىڭــدە،
كۆزۈمدىن ئاقتى قان - ياشلار ساگا بولسۇن جاكاھ ئەمدى.

بارۇرمەن مويتۇ گزىغا شۇدىم ئاخىرقى دەم سېنـــى يادلاپ،
تۇرار جاللات قېلىچ شىلتەپ بېشىم تەندىن جۇدا ئەمدى.

يامغۇرمۇ ياغار توختار ئاخىـــــرى،
بۇلاقمۇ ئاقار توختار ئاخىـــــرى،
كۆلۈ- تۆزن يىغلايمەن مەن بەختى قارا،
كۆز يىشىم توختارمۇ ئەي يار، ئاخىرى؟
1970 ـ 1971 - يىللار.

## تۈرمىدە چۈش كۆرۈپ...

چۈشۈمدەسەن قارا كېچىلەر،
ئانا، ئوغلۇڭ ئۇنتۇپ قالارمۇ؟

كۈن پىكرىمدە، تۈنلەر زىكرىمدە،
خىيال قۇشـــــۇم سېنى تاپارمۇ؟

ئۆتەر يىللار- باغرىتاش يىللار،
تار قەپەزدە ئوغلۇڭ ياتـارمۇ؟

كاش پەلەكتىن شۇ بەختى قارا،
مەندەك شورلۇق جاھاندا بارمۇ؟

يىراقتاسەن مېھرىڭ يۈرەكتە،
بىزگە ھىجران ئەبەتكە يارمۇ؟

## رۇبائىيلار

1

ياشلىقىم كۆلسەملا، ئۈينىسام دەتتىم،
ئۆمرۈم دۇردانىسىنى شور يەرگە ئەكتىم،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە سۇلۇپتۇ گۈلۈم،
ياشلىقىم قايداسەن؟ قەدرىڭگە يەتتىم.

2

ئىشەنمە گۈلجامال قارا قېشىڭغا،
خەربدار كۆپ كەلدى كۆردۈم قېشىڭغا،
غونچىدەك چېغىڭدا بىر ۋاپادار تاپ،
نۇر بىرىپ تۇرغاي ئۇ ئاپياق چېچىڭغا.

3

يەتتە يىللاپ سىنى كۆرمىدۈم،
يەتتە يىللاپ سىنى سۆيمىدۈم،
تىرىك تۇرۇپ كۆيدۈم دوزاختا،
ئىشقىڭ بىلەن يانا ئۆلمىدۈم.

4

بۇ زامان كىملەردىن قالمىغان زامان،
كەم بەخت ـ خورلۇقتا بولدۇم ناتاۋان،
كۈلمىگىن شورىمغا ئەتىكى كۈنۈڭ،
شۇ مېنىڭ هالىمدىن بولغۇسى يامان.

5

قېنى ئۇ يەر، مۇلك، ئەشيان، قېنى ئۇ بىزدىكى ئىمكان،
ئېلىمنىڭ قان تېرى ئاقتى بالاخورنىڭ جازاسى كەت.

قارا قامچىسى قولدا خىتاي زالىم كۆرەڭلەيدۇ،
ئىگرايدۇ ئېلىم دەرتتە شۇ قۇللۇقنىڭ ھازاسى كەت.

يالتىراپ يۇلتۇز يانار شۇ تەگرى ئۈستىدە چاقناپ،
ئورمان ياقتى گۈلخانلار قارا تۈننىڭ خۇداسى كەت.

2

يېگى يىل جان تەسەددۇق كۆرەيلى تاڭ ساباسىنى،
كۆكسىمىز ئىچىپ قالسۇن ئۇنىڭ زۇمرەت ھاۋاسىنى.

باش ئەگمەس تەگرى پەرزەنتى ئەرك دەپ ئاتلىدۇق ئالغا،
قەھرىمىز ئېلىپ كەلسۇن بوران، چاقماق ساداسىنى.

ئەرك، ھۆرلۈك بىباھادۇر، جىمى دەرت ئەشۇ قۇللۇقتا،
جەڭلەردە دېگەن ئەجداد ئوقايلى بىز مۇراسىنى.

يوقالسۇن قارا ئىبلىس، ۋەتەن پاكلانغاي ناپەتتىن،
ياشارسۇن قايتا دەشت - چۆللەر ئېلىم كەيسۇن لىباسىنى.

چۈشۈمدەسەن، چېھرەڭ نامايان..
ساپ باغرىڭغا باغرىم قانارمۇ؟

ئاقار يېشىڭ، ئاقار ياشلىرىم...
دەريا بولۇپ لەۋدىن تاشارمۇ؟

ئاققان قان، يالىن يالۋۇز زالىمنى،
كەلگۈن بولۇپ بىر كۈن باسارمۇ؟

ئىلىم كۈتكەن، ئەسىرلەر كۈتكەن،
ھۆرلۈك تېگى بىزگە ئاتارمۇ؟!

1975 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال ــ تاڭ سەھەر. گۇڭگەنتىڭ تۈرمىسى د
ئۈررۈمچى

## يېڭى يىل تىلەكلىرى

1

ئەلۋىدا ساڭا ئەمدى شۇ يىللارنىڭ قاراسى كەت،
باشلارغا ئەلەم سالغان جاھالەتنىڭ بالاسى كەت.

ئەسىرلەر ئۆتتى غەپلەتتە ئىلىم ھېچ كۆرمىدى خورلۇق،
ۋاپاغا جاپا قىلغان قارا يۈزنىڭ جاپاسى كەت.

## زەكىيەگە (1)

ياشلىقىم تېگىدا تۇتتۇم گۈزەل يــــار،
بېشىمغا كۈن چۈشسە قىلدى مېنى خار،
سۇلاشقان گۈلۈمنى ياشناتتى بىرســـى،
بىلدىمكى ئۆمرۈمگە شۇكەن ۋاپـــادار.

1980 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى

(1) زەكىيە سالىھ قىزى ۋەلىيېۋا ـ شائىر تۇرمىدىن چىقىپ، 1980 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇن ئۈرۈمچىدە چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان زەكىيە خانىم بىلەن ئۆيلەنگەن.

## شەپقەتكە

(ئوغلۇم شەپقەتنىڭ بىر ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلاپ)

باشلىرىڭ دومىلاق چىلگـــدەك،
ئۆزەڭگە ئاق يــۈزۈڭ ياراشقـــان.
كۆزلىرىڭ پاھ، ئەجەپ دىگىدەك،
ئەقلىڭ بولىقـى قاملاشقـــــان.

شۇ كۆزلەر ئەقىللىق ھەم تەمكىن،
كۈلگـەندە چولپـاندەك يانىدۇ...
بەزىدە ئوي بىلەن ھەم غەمكىن،
ســـاكىمـــۇ شائىرلىق يـارمىدۇ؟

يېڭى يىل ئىجىل بولغىن، مەزلۇم ئەل بەختىگە مەڭگۈ،
يازايلى بىز سەھىپەڭگە سائادەتنىڭ ناۋاسىنــــــــــى.

1977 ـ يىلى، 27 ـ دىكابىر، گۈڭگەنتىڭ تۈرمىسى ـ ئۈرۈمچى.

## دوستلۇق گۈلى
(يولداش ئا. ھ.گە)

دوستلۇقنىڭ غونچىسى ئېچىلــــدى،
قان ئاققان شۇ زىندان ئىچـــــــدە.
قار، بوران، جۇدۇندا تىنك تــــۇرار،
باش ئەگمەي زۇلمەتلىك كېچىدە...

گۈل ئەمەس ئۇ ـ ھۆرلۈك بەلگۈسى،
پەرۋىش قىل، پورە كلەپ ئېچىلســـۇن.
گۈل ئەمەس ئۇ ـ باھار ئەلچىســـــى،
كەڭ تارىم بويىغا چېچىلســـــــۇن!

1979 ـ يىلى، 4 ـ سىنتەبىر. لۇساۋگو كۆمۈر كان ـ ئۈرۈمچى.

قالدىرىم مەۋجىدە شـوخ ئۈزەر،
هـەسرىتىم، ئارزۇيۇم يەلكىنى...

هەسرىتىم ـ گۈل ياشلىق بوش ئۆتتى،
بـولالمـاي ئېلىمگـە سايىبان.
ئويلىسام يۈرىكىم قـان يۇتتـى،
مـەن دەيتتىم ئۆزەمنـى«ناتاۋان».

ئارزۇيـۇم بىر ئوغۇل تۇغۇلدى،
دېمەكى ئۆزەمـگە ئىزباسـار.
ئىسمىنى «شەپقەت» دەپ قويۇلدى،
ئېلىگە مېھربـان، يـول ئاچـار.

نە ئارمان، شەپقىتىم ئۆس چاپسـان!
يىگىتلىك پەيتىڭنى بىر كۆرسـەم.
ئارمىنىم هۆرلۈكتـە تۇغۇلغـان،
بەختلىك نەۋرەمنى بىر سۆيسـەم!

1983 ـ يىلى 15 ـ مارت، ئۈرۈمچى

## كۆل بويىدا

ئەتراپلىرى ئېدىرلـىق،
بوك باراقسان يېشىللـىق،

كىرپىگىڭ ـ بوتىنىڭ كىرپىگى،
تۈرۈلدۈ يا كەبى ئىگىلىپ.
قاشلىرىڭ قالغاچنىڭ قانىتى،
بەزىدە سەكرىشەر ئېتىلىپ...

ئۆز بۇرنۇڭ گوياكى پىستىدەك،
لەۋلىرىڭ، شۇ ئاغزىڭ بەك ئوماق.
چاچلىرىڭ كۆز يېغىن يىگىدەك،
سەزگۈنىڭ كانىدۇر جۈپ قۇلاق.

گۈل بۇيۇڭ سەرۋىنىڭ تىمسالى،
قامىتىڭ چىناردەك بولىدۇ...
كەڭ گەۋدەڭ پەرھادنىڭ مىسالى،
قولۇڭغا كۈچ ـ غەيرەت تولىدۇ...

گۈزەللىك خىسلىتىڭ مەيلىغۇ،
مېھرىڭ بىر ئاپتاپسەن، ئىللىقسەن.
دادا دەپ، ئاپا دەپ كۈلسەن،
ئۆزەڭ بىر ئاتەشسەن، قىزىقسەن.

شۇ ئاتەش كۆيدۈرەر، سۆيدۈرەر،
داداڭنىڭ، ئاپاڭنىڭ قەلبىنى.

ئاسمان تىنىق، ھاۋاسى -
تۈرە كىلەرنىڭ داۋاسى،
ياڭرار ناخشا ناۋاسى،
سۆيەر كۆلنىڭ يۈزىنى.

ئىلانىسمان يوللاردا،
يۈرەر پىكاپ غوللاردا،
شۇ ئىجاتكار قوللاردا،
كۆردۈم بەخت يولىنى.

باراۋەتتە مىڭلاپ ئەل،
ئەركىن ئېيتار خۇش غەزەل،
بەختى تولۇپ ئاقارسەل،
ئېيتىپ كۆڭۈل سۆزىنى.

بونگە كېلەر سەيياھلار،
جاھان كەزگەن پەرھاتلار،
بۇندا مەغرۇر ئەۋلاتلار،
كۆيلەر خۇشال كۆيىنى.

كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇپ،
بىر «ئۇھ!» تارتتىم تولغۇنۇپ،

كۆردۇم بۇ گۈن زەپ ئىللىق،
مائۆنت گامبىيە كــــۆلنى.

ۋەلى كۆلى دەيدىكەن،
ئەتراپلىرى سەيلىكەن،
جانغا راھەت پەيزىكەن،
ئىچىپ قاندىم سۈيىنى.

تۆت ئەتراپى ئوتلاق، ساز...
ئۇچار مىگلاپ ئۆدەك ـ غاز،
كۆكلەم ئىكەن قىش ھەم ياز،
كەيگەن گۈزەل تونىنى.

بۇندا قارغاي، تال، ئارچا،
شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە ئالما،
بۆلدۇرگەنۇ ئەينــۇلا...
باسقان ئوت ھەم سولىنى.

ئۇچار قۇشلار ئاسماندا،
پەرۋاز قىلار ھەرئاندا،
بۇغا، مارال ھەر ياندا،
تۆكمەس ھەسرەت ـ مۇڭىنى.

## ئۆزبەكىستانغا سالام!

«ئۆزبەكىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى» ـ گېزىت خەۋىرى.

ئۆزبەكىستان ـ ھۆررىستان ئەجدادلارنىڭ ماكانى،
سالام ساڭا يىراقتىن ئەرك كۈنىڭ مــــۇبارەك!
ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم تاشتــــــى قەلبىــم ئارمانى،
كەڭ ئالەمگە ياڭرىغان جەسۇر ئۈنىڭ مۇبارەك!

مەن شادلانماي نېمىشكە، قېرىنداشىمىز- بىر تۇققان،
مەرت بوۋىلار تەڭ ئىچكەن بىر دەريانىڭ سۈيىنى.
مېنىڭ، سېنىڭ دېيىشمەي بىر داستاندا جەم بولغان،
ئۆتكەن قارا ئەسىرلەر كۈيلەپ ھەسرەت كۈيىنى.

تىلىمىز بىر، دىلىمىز ـ يېرىمىزدەك بىر تۇتاش،
ئۆتكەن يۈزلەپ ئەسىرلەر تارىخىمىز گۇۋاھىسى.
ئەفراسىياپ، ئوغۇزنىڭ نەسلى بىزلەر- قېرىنداش،
ياڭرار بۈگۈن قۇلاقتا ئۇلار بەرگەن دۇئاسى.

تۇغۇلساممۇ تارىمدا ئىللىق كۆردۈم قوينۇڭنى،
ئاشيان قىلدىم باغرىڭنى، كۆزلۈپ ئۆتكەن تۆرت بىلھار (1)
ئۆز ئانامدەك مېھرىبان قارشى ئالدىڭ ئوغلۇڭنى،
ھازىرغىچە قەلبىمدە شۇ سۆيگۈڭنىڭ ئوتى بار...

ئەسكە ئالدىم ئويلۇنـــۇپ،
ماكانىم شۇ بوغـــــدىنـــــى.

كۆز ئالدىمدا يۈز ئاچتى،
بوغدا غەمدە بىر باقـــتى،
قەلبىمگـــە ئوتلار ياقتى...
كۆردۈم بوغـــــدا بويىنى.

ئەلگە شاتلىق يات بولۇپ،
قاغا- قوزغۇن تاپ بولۇپ،
ئۇچار بۈندا شاد بولۇپ،
خازان قىلىپ ھۆسنىنى.

يۈرىكىمدە جىق پىغـــــان،
ھەسرەتلىرىم - ياش ۋەقـــان،
كۆرسەم بىر كۈن نە ئارمان؟
ئازاد بوغـــــــدا تويىنى.

1990 - يىلى، 21 - يانۋار. مائۇنت گامبىيە- ئاۋىستىرالىيە.

ئۇنمۇ پاتار ئىرادەڭدە بولسا بەرداش،
بالقىپ چىقار تەڭرى ئۆززە بىر كۈن قۇياش.

1992 ـ يىلى 16 ـ نويابىر، ئادېلايدى ـ ئاۋىستراليە

## چەتئەللەردە ...

چەتئەللەردە بولدۇم مۇساپىر،
تېشىم كۈلدى ئىچىم يىغلىدى...
خەلقىم بىلەن بولدى دەردىم بىر،
شۇ دۇمبەمدە خىتاي قامچىسى،
يۈرىكىمنى ھەسرەت تىغلىدى...

1997 ـ يىلى، 25 ـ مارت، ئادېلايدى ـ ئاۋىستراليە

## ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق

كۆپكۆك ئاسمان رەڭگىدە،
ھېچ ئۆزگەرمەس مەڭگۈگە،
بارچە تۈرك قەلبىدە،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز.
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

ئىست ئۆتتى ئوتتۇز يىل كۈتۈش بىلەن بىتاقەت،
سۈرگۈن، خاڭلار، زىندانلار بولدى مېنىڭ ماكانىم.
ئانام سۆيگەن يۈرەكتە ئەقىدەڭ بار ھەر سائەت،
كەڭ ئوكيانلار ئارقىدا بولغانلىمۇ جاھانىـــــم...

يىراقلاردىن قارايمەن بەخت تىلەپ دىيارىـــم،
ئۇندا قالغان قەرداشلار، ئۇندا قەلبىم پارىســـى.
دىيارىمسەن ئېلىمگە تۇتاش، سەنسەن خۇمارىم،
بۇ سۆيگىنى تۇسالماس كەڭ ئوكيانلار ئارىسى!

يا ئىنىمسەن ـ يا ئاغام، مەن بارارمەن قوينۇڭغا،
قېرىنداشىم ئۆيىگە بارغان كەبى شادىمـــــان،
بەخت قونسۇن بېشىڭغا، مۇبارەكباد توپۇڭغا.
كامال تاپقىن دىيارىم ـ ئۆزبەكىستان جانىجـــان!

1991 ـ يىلى، 1 ـ سىنتەبىر. ئادېلايدى ـ ئاۋىستىرالىيە.

(1) شائىر 1957 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىللارغىچە تاشكەنت دۆلەت دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان چاغلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## ئۇيغۇر قىزىغا

ئۇيغۇر قىزى كۆزلىرىڭدىن ئاقمىسۇن ياش،
باتۇر يىگىت ئۆلۈمگە ھېچ ئەگمىدى باش،

بىزمۇ ئىنسان ئوغلىمىز،
ئازات بولسۇن يۇرتىمىز.
ئاڭا يەتمەر قورىمىز،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز -
ئلي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

1992 - يىلى 21 نويابىر، ئادېلايدى - ئاۋستىرالىيە.

## ئۇلۇغ باشلىنىش

ۋەتەننىڭ زارىنى ئاڭلاپ يۈرەكلەردە قىساس ياندى،
ئېلىگدە قۇل بولۇپ ياشاپ، ھاياتنىڭ نە لەززەت قالدى؟

ئەجەپ مەرتكەن تەگرى پەرزەنتى خىتاي زالىمغا ئوت ئاچقان،
ئېلىمنىڭ قەست دۈشمنى، قاتىل بېيجىننى لەرزىگە سالدى.

ئەيۇھەنناس، بۇ باسقۇنچى نە ئەلەملەر سالمىدى باشقا،
ئۇنىڭ قىلغان زۇلمى دەستىدىن يۈرەك باغرىمىز داغلاندى.

ياشا ئوغلان جاسارىتىڭ بۇ دۇنياغا داڭ كەتتى،
تۇكۇلگەن شۇ قىزىل قاندىن نۇمۇس - ئارىمىز ئاقلاندى.

بوۋلم ئوغۇز شانى بـــار،
شۇ بايراقتا نامى بـــار،
مليون شېهىد قانى بـــار،
لەپىلدەيـــدۇ تـــۇغىمىز ـ
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامـــراق.

نامى شەرقىي تۈركىستـــان،
ئەجدادىمىز ياشىغـــان،
بىزگە مەنسۇپ بۇ ماكان،
لەپىلدەيـــدۇ تۇغىمىز ـ
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامـــراق.

ئويغۇر ئوغلى، ئەي ئارسلان،
يولۇغا قارشى بار، ئاتـــلان،
ۋەتەن ئۈچۈن پىدا جـــان،
لەپىلدەيـــدۇ تۇغىمىز ـ
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق.
ئاڭا دىلدىن بىز ئامـــراق.

تۈركستان جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپلىشىدە 400 كىشىلىك چوڭ كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەنە شۇ ھەيۋەتلىك نامايىشتا خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانلىق زۇلمىنىڭ سىمۋولى بولمىش ئىككى قانخور باشلىقنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى كۆككە سورۇلدى... خەلقىمىزنىڭ ئاچچىق غەزەپ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان جەھەننەم بايراقلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئاجايىپ بىرخىل مۇرەككەپ تۇيغۇ - ھىسسىياتلار تەسلىم قىلىپ، قەلبىمنى ئارامسىزلىقتا قويمىدى... بۇ تۇيغۇلار بۈگۈن ئاق قەغەزگە چۈشتى. بۇنى ۋەتەنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

ۋەتەنداش، قويغىن ئوتنى، رەھىم قىلما، جەھەننەم تۇغلىرى يانسۇن،
شۇ بىپەرۋالىق يېغى دۈشمەننىڭ كۆيۈپ تەختلىرى كۈلگە ئايلانسۇن،
جاھالەت بولۇتلىرىنى ھەيدەيلى جاسارەتتە تەگرى باشىدىن،
ئەسىرلەردىن زۇلۇم چەككەن ئېلىمنىڭ ھۆسنى كۈلسۇن،
بەختى پارلانسۇن!

1996 - يىلى 12 - ئىيۇل، ئادېلايدى - ئاۋستىرالىيە

قىساس ئۆلمەس، ئەنە تارىم، جۇڭغاردا يانار ئۇچقۇنلار..
قىران بۇر كۇتلەر ئىزىدىن ياش بالا پانلار قاناتلاندى.

نە ئىمان ۋە نە ۋىجداندۇر ئۆز ئېلىنىڭ زارىنى بىلمەس،
نە پەرقى ئىنسانۇ هايۋاننىڭ سىناق مەيدانى تاللاندى.

يا بايلىق قالارمۇ سەندىن يا مەنسەپ يا ئاتاق - ئابرۇي،
ۋەتەن ئەلا ، مىللەت ئەلا دېگەنلەر سەپكە ئاتلاندى.

ۋەتەننىڭ ئىشقىدا يانغاچ زالىم تۆغىنى كۆل قىلدۇق...
باق، ئەمدى تەگرى باغرىدىن ئەرك ساداسى ئاڭلاندى.

ئىنشائاللاھ ، بۇ ئۇچقۇنلار ئۇلۇغ يانغىنغا يول ئاچقاي،
تەگرى تاغلىرى بويلاپ، كۈرەش باهارى باشلاندى.

1996 - يىلى 11 - ئىيۇل. ئادېلاندى - ئاۋىستىرالىيە.

## جەھەننەم تۆغلىرى يانسۇن

1996 - يىلى 29 - ئىيۇن جەنۇبي ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا 65 مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقى ھەم لوپنۇردا 44 - قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىنى ئۆتكۈزگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋىستىرالىيە

يىگىت ئېلىپ تورىنى،
كۆزلەپ دەريا سۈيىنى،
كۈن ئۆتەركەن ياپىاشلاپ،
يىللار ئۆتەر شاپاشلاپ.
ئانىسىمۇ قېرىپتۇ،
كەنجەم بۇنى بىلىپتۇ،
ئانا، - دەپتۇ كەنجاخۇن،
يۈرەك باغرى بولۇپ خۇن:
«ئانا چېچىڭ تالىسى،
ئەمدى يوق بىر قارىسى،
ياشلىقىڭنى يېزىڭنى،
بېرىپ ماڭا مېھرىڭنى،
قاتتىڭ مېنى قاتارغا،
مەن خىجىلمەن ئېيتارغا،
ئۆزگىلەردەك باي بولۇپ،
باغلار ئىچرە جاي قۇرۇپ،
كۆتەلمىدىم راھەتتە،
كۈنۈڭ ئۆتتى ھەسرەتتە.
مېنىڭ شورلۇق بۇ بېشىم،
ھالال ئەمگەك - بايلىقىم،
كېچە- كۈندۈز ئويۇمدا،
بىر نىيەت بار بويۇمدا.
ئارام بەرمەس ھەر مەھەل،
ساڭا يەتمەي شۇم ئەجەل،

بىر ئارمىنىڭ ئېيتساڭ سەن،
پەرمان بىلىپ ئۇنى مەن،
مەيلى تەلىدىن قان كەتسۇن،
مەيلى ئەزىز جان كەتسۇن،
ئادا قىلسام ئەھدىمدۇر،
ئېيت ئارمىنىڭ بەختىمدۇر.»
شۇندا ئانا خوش بولۇپ،
سۆزلىرىدىن گۈل تۆكۈپ،
دەپتۇ قاراپ ئوغلىغا،
تويماي ئۇنىڭ بويىغا:
«رەھمەت ئوغلۇم، سۆزۈڭگە،
بەخت ياردۇر ئۆمرۈڭگە،
ئىسىت، قېرىپ قالغىنىم،
باردى بىرلا ئارمىنىم،
كۆرسەم دەتتىم مەككىنى -
شۇ ئۇلۇغۋار كەبىنى.
بىراق مەككە يىراقمىش،
بۇ بىزلەرگە يوق بىر ئىش،
بۇنىڭسىزمۇ رازىمەن،
قايغۇرمىغىن زادىسەن.»
كەنجەم ئاڭلاپ بۇ گەپنى،
ئۆتكۈزمەستىن شۇ پەيتنى،
«بولدى!» دېسە ئۇنىماي،
ئەھدىسىدىن ھېچ يانماي،

## ئانا مېھرى

(كىچىككىنە ھېكمەت)

### ئانام بىبى رابىيە (1 )گە بېغىشلايمەن

بار ئىكەنۇ- يوق ئىكەن،
چۇشەرمەسكەن ئاغزىلىن،
ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن.
ئورۇن بېرىپ باغرىلىن،
بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا،
بالا ئاستا ئۆسۈپتۇ،
تارىم دەريا تاماندا،
يىگىتلىگىن كۆتۈپتۇ...
مەكىت دېگەن بىر ئەلدە،
شورلىقى شۇ پېقىرلىق،
دەريا بويى كەڭ يەردە،
يالغۇز يىتىم يېسىرلىق،
ئۆسۈپتۇ زەپ بىر بالا،
ئۇ بىر يالغۇز ياش سىدە،
ئەقلى ھوشى راست تازا،
ھەسرەت تولا قەلبىدە،
كىچىك قالغان ئاتىدىن،
قىشتا بولسا جۇدۇنلا،
پېقىر ئىكەن زاتىدىن.
يازدا بولسا قۇزغۇنلا،
شۇ يىتىملىق كۈنلەردە،
ئەشۇ يالغۇز سىدىنى،
قارا باسقان تۈنلەردە،
يۈرەك باغرى زېدىنى،
ئۇنىڭ مىسكىن ئانىسى -
يەكلەپ بوزەك قىلماسمۇ؟
سۆيگەن ئۆيرەك پارىسى،
يۈرەك باغرىن تىلماسمۇ؟
ساقلاپ ئۇنى ئاچلىقتىن،
لېكىن پەلەك باقماسكەن،
باشقا كەلگەن خارلىقتىن،
كەمبەغەلگە ياقماسكەن،
سايە بولۇپ بېشىغا،
ئانا مېھرى قەلبىدە،
ئېلىپ يۈرەك قېتىغا،
يانغان چىراق ھەمىشە،
ئۆستۈرۈپتۇ پەپىلەپ،
شۇ چىراقتىن نۇر ئېلىپ،
ھەر ئاغزىدا كەنجەم دەپ.
ئۆز كۆڭلىنى شاد قىلىپ،

«دەر ھەقىقەت راست» دەپتۇ،
ئۆمرۈم ساڭا خاس دەپتۇ!»

ئانا ـ بالا ئۆتكەنىكەن،
مۇرادىغا يەتكەنىكەن.
بۇ ئىش ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەن،
ئانا مېھرى ـ كۈن ئىكەن،
شۇ مېھرىدا كەڭ ئالەم،
ئۇچار قانات، بار ئادەم،
شۇ مېھرىدىن تولۇقتۇر،
شۇ مېھرىدىن ئۇلۇغدۇر.

1971 ـ يىلى، قىش. ئوبلاست
تۈرمىسى ـ غۇلجا.

(1) بىبى رابىيە قاسىم قىزى ـ شائىرنىڭ ئانىسى (1904 ـ 1972) ئەسلى قەشقەردىن ئۆزى پىچاندا تۇغۇلغان، شائىر تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ۋاپات قىلغان. شائىر ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەرنى 1978 ـ يىلى ئاپرىلدا لۇساۋگو كۆمۈر خېنىغا چىققان ۋاقتىدىلا ئاڭلىغان. بۇ رىۋايەتنى ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن شېئىرلاشتۇرۇپ چىققان.

ئانىسىنى ھاپاچلاپ،
كەڭ باغرىدا باغاشلاپ،
ئاتلىنىپتۇ سەپەرگە،
باقماي خەۋپ- خەتەرگە.
ئۆتتۈپ قانچە ئەللەردىن،
كېزىپ قانچە يەرلەردىن،
ئېگىز داۋان تاغ ئېشىپ،
چۆل جەزىرە يول بېسىپ،
يېتىدىكەن مەككىگە-
شۇ ئۇلۇغۋار كەبىگە.
يەتتە قېتىم، بىر ئەمەس،
سەپەر قىپتۇ «ئاغرىڭ» دېمەس.
مەكت - مەككە يولىدا،
ئۇنىڭ ھەربىر غولىدا،
قاپتۇ تالاي چورىغى...
پۇتلىرىدا يورىغى...
ئوشۇقچە گۆش بۇپتۇ،
قەددى قۇرۇق تۆش بۇپتۇ.
شۇندا كەنجەم «ئۇھ!» دېگەچ،
ئانا قەرزى شۇ دېگەچ،
ئانىسىغا ئۇ بىر كۈن،
ئانا، - دەپتۇ كەنجاخۇن:
«قەرزىڭ ئادا بولغاندۇر،
ئەمدى كۆڭلۈڭ تولغاندۇر؟»

شۇندا ئانا خوش بولۇپ،
سۆزلىرىدىن گۈل تۆكۈپ،
دەپتۇ قاراپ ئوغلىغا،
تويماي ئۇنىڭ بويىغا:
«ھەي بالامەي، قىززىقسەن،
دىلىڭ ئاپتاپ ئىللىقسەن،
جاپا چەكتىڭ - كۆپ چەكتىڭ،
چىشىڭ بىلەن تاغ كەستىڭ،
چەككەن سېنىڭ جاپايىڭ،
كۆرگەن سېنىڭ ئازاۋىڭ،
بۆشۈك تۆتۈپ بېشىڭدا،
چىراق بولۇپ يېنىڭدا،
ئاق سۈت بەرگەن بىر مەرتەم،
شۇ ئەجرىڭدىن ئارتۇق ھەم.
ئانا قەرزى بالىدا،
ساقىت بولماي بويىدا،
تا مەڭگۈگە قالىدۇ،
كىم بۇ سۆزدىن تانىدۇ؟
رەھمەت ئوغلۇم، بەخت تاپ،
بار ئەۋلادىڭ ئۆتسۇن شاد!»
قول كۆتۈرۈپ شۇ ئانا،
قىپتۇ ئۇلۇغ بىر دۇئا.
شۇندا كەنجەم ئويلىنىپ،
بۇ ھېكمەتتىن روھلىنىپ،

قاتتىق ئىكەن يوقسۇزلۇق،
دىلى دائىم قايغــۇلــۇق،
باشنى سېلىپ ئۈندىمــەي،
چالار ئىكەن بەزەن نەي...

2

پەقەت ئۇنىڭ خوشلىقى،
تورۇستىكى قالغىچـــى،
ھەر باھاردىن كۈزگىچە،
گەمىسىدە ئۆزگىچـــە،
سايرايدىكەن ۋىچىرلاپ،
بەزەن ئاستا پـــىچىرلاپ،
دەركەن مىسكىن مەمەتكە:
«چۆكمە ئارتۇق ھەسرەتكە،
بۇ كۈنلەرمۇ تىز كېتەر،
ساڭا شادلىق بىر كېلــەر،
تۈن كەينىدىن تاڭ ئاتار،
بۇ قاراڭغۇ ھەم ياتار...
ئۆتنە ئالــــەم - بــۇ ئالــەم،
چەكمە ئارتۇق تەشۋىش - غەم.
ۋىچىر - ۋىچىر، بولغىن شاد،
زور بايلىققا تــولغىن يات.»
ئاڭلاپ قالغاچ كــۈيىنى،
شادلىق ئوراپ كۆڭلىنى،
ئۆتكۈزەركەن تــۈننى -
تۈنگە ئوخشاش كۈننى.

3

بىر كۈن مۇنداق ئىش بوپتۇ،
كۈن قادىلىپ چــۈش بوپتۇ.
تورۇستىكى قالغىچــى -
ئۇنىڭ سۆيگەن ئادىشى،
ئۇگىسىدا پەم قىلمــاي،
خاتىرىنى جەم قىلمــاي،
«پوك» چۈشۈپتۇ داق يــەرگە،
مەمەت چۈكۈپ سوغ تەرگە،
ئاستا ئاپتۇ قـــولىغـــا،
كۆزى چۈشۈپ پۇتىغا،
تاسلا قاپتۇ يىغلاشــقــا؛
يۈرەك - باغرىن تىلغاچقا،
ئەشۇ بالا قالغاچىنـــىڭ -
قاناتلىرى قىيغاچىنـــىڭ،
شۇ ئوڭ پۇتى سونۇپتۇ؛
مەمەت غەمگە تولۇپتۇ...
شۇندا مەمەت ئاۋايــــلاپ،
سىئۇنغان پۇتنى راس باغلاپ:
«قالغاچجان - قالغـــاچ،
نىمە بولدۇڭ جان ئاداش،
جىمجىت ياتمــاي ئۇگــاڭدا،
ئىسسىق ئوت - چۆپ جۇگاڭدا،

# ۋاپادار قالغاچ

(داستان)

1

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن،
بۇرۇن ئۆتكەن زىماندا،
تارىم دەريا تامانىدا،
مەمەت دېگەن بىر پېقىر،
يۈرەك - باغرى قان، يېسىر،
دولان دېگەن قىشلاقتا،
دىلى غەملىك ئازاپتا،
ياشايدىكەن غەم بىلەن،
كۆزى قان، ياش نەم بىلەن.
ئۆتكۈزەركەن تۈننى،
تۈنگە ئوخشاش كۈننى.
زالىم پەلەك باقماسكەن،
كەمبەغەلگە ياقماسكەن،
ئىشلىسىمۇ كۈنۇ - تۈن،
بولماي زادى نان پۈتۈن،
ئۆتۈدىكەن خارلىقتا،
بىر ھايۋاندەك زارلىقتا.

مەمەت ئەشۇ پېقىرنىڭ -
يالغۇز يېتىم - يېسىرنىڭ،
ئەۋلادىكەن بەختسىز،
ماڭلىيدا قۇرۇق ئىز،
سۆزلەر ئۇنىڭ مۇڭىنى،
كۆرگەن ھايات يولىنى.
سۆزلەپ كەلسەك دەردى جىق،
گويا پەلەك جانىغا زىق،
سانچىلاركەن يۈرەككە،
ئارام بەرمەي مەمەتكە.
يا ئۆيدە كىگىز يوق،
تام تەشكىدەك بىگىز يوق،
قىپ يالىغاچ باللىرى -
شۇ كەچكۈزنىڭ تاللىرى،
زارلايدىكەن ئاچلىقتىن،
باشقا كەلگەن خارلىقتىن.
كەڭ بولسىمۇ بۇ ئالەم،
پېقىر ئۈچۈن ھامانەم،
گويا قەپەز تار ئىكەن،
خورلۇق ئاڭا يار ئىكەن.

تۈنلەر بىدار ياتقانـــــدا،
ياد ئېتەركەن يازلارنـــى،
ئاققان دەريا - سايلارنـى،
قالغىچنى ياد ئېتـــەر،
ئۈز كۆڭلىنى شاد ئېتــەر.
شۇنداق كۈتۈپ باھارنى،
كەتكۈزۈپتۇ ئاق قارنى...
ئۇچۇپ ئۈتىسە شوخ شامـال،
قىرلار كۈلۈپ خۇش جامال،
ئاستا يۈزىن ئاچاركـــەن،
ھىدلىق پۇراق چاچاركـــەن.
لىباس كىيىپ رەڭمۇ - رەڭ،
پۈتۈن ئەتراپ بىر گىلـەم،
«كەلدىم!» - دەپتۇ ئەتىياز،
نەغمە ناۋا چېلىپ ســاز،
شۇندا مەممەت قوش تۇتۇپ،
ئېتىزلاردا تەر تۆكـــۈپ،
ئىشلەر باينىڭ يېرىـگە،
شۇ ئەجرى يوق تېرىدە؛
ئىشلەر تىنىم تاپمـــاستىن،
چەكمەن تىزدىن ئاشماستىن،
«بەخت» دەركەن ئاللاھغا -
شۇ يـاراتقـان پـانـاغـا.

5

بىر كۈن قالغاچ ۋىچىرلاپ،
تۆكۈلگىدىـــــن غىپلداپ،
كىرىپ كـەپتۇ ئۆيىگە،
شادلىق قوشۇپ كۆيىگە.
شۇنداق باقسا قالغىچى -
شۇ سېغىنغان ئادىمـــى.
چىشلەپ ئۇرۇق تۇمشۇقتـا،
«ئالغىن!» - دەپتۇ خوشلۇقتا.
«ئالغىن!» - دەپتۇ ئۇرۇقنى،
«سەنمۇ كۆرگىن يورۇقنى.
ئادا قىلاي قـەرزىـمنى،
سەنمۇ كۆرگىن ئەجرىڭنى!»
دەپتۇ قالغاچ دان بىرىپ،
قاناتلىرىن بىر قېقىـــپ.
مەممەت كۆرسە بىر ئۇرۇق -
تاۋۇز دېنى خوپ تولـــۇق.
مۇنداق ئۇرۇق كۆرمىگـــەن،
شۇنچە نۇرلۇق، نىم دىگەن؟!
مەممەت دەپتۇ قالغاچقا،
قاناتلىرى ئالىماچـــقا:
« رەخمەت ساڭا، قالغىچىم،
چىن ۋاپادار ئادىمــــم،
چۈنەك تارتىپ دان ئىكەي،

سۇنلۇرۇپسەن پۇتۇ گنى،
ئاگلاپ سىنىك ئۈنۈ گنى؛
دىلىم بولدى بەك خەستـە،
ساڭا بولدى بەك تەس ـ تە!
ئەمدى ياتقىن ئۇ گـاڭـدا،
ئىسسىق ئوت ـ چۆپ جۇ گاڭدا،
ئاۋايلىغىن جىم يـاتـقىن،
سوققا تو ڭماي ھەم ياتقىن،
شىپا تاپسا مـەيـبـك،
خوشلور مەمەت غېرىبىك.
يىگىلك كەلسە يە بـۇنـى،
ئىچكىك كەلسە ئىچ سۇنى...»
دەپتۇ مەمەت دان بىرىپ،
مېھرى بىلەن جان بىرىپ.
ئانا قالغاچ كەچقـۇرۇن،
ئۇچۇپ كەپتۇ بىر قۇيۇن.
كۆرۈپ مەجروھ باغرىنى،
ئاستا ئېچىپ ئاغـزىنـى،
شۇنچە غەمكىن سايراپتۇ،
ھەسرەت چېكىپ زارلاپتۇ...
ئاگاھ بولۇپ ئەھۋالدىن،
كەلگەن بالا قازادىن،
«رەخمەت!» ـ دەپتۇ مەمەتكە،
«ياخشىلىقىك ئەبەتكـە،
بىكار كەتمەس ئـەقىدەك،
رازى سەندىن سەخىرەك.»
مەمەت دەپتۇ: «ئامـان بـول!
تىزراق ئۇچقىن كۆچكە تول...»
كۆنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ،
كۆك ئاسماندىن سۇ تۆكۈپ،
كەپتۇ ئاخىر غېرىپ كۈز،
غەمگـە پېتىپ دالا ـ تۈز،
سەپەر قىپتـۇ يېشىل يـاز،
قۇشلار بىلەن ئۆردەك، غاز...
ئىسسىق ياقىقـا يول ئاپتۇ،
دىلغا ھەسرەت ـ غەم ساپتۇ.
قالغاچـلار خوش بـولۇپ،
كۆچ ـ غەيرەتكە راست تولۇپ،
ۋىدا ئېيتىپ مەمەتكـە،
بۆلەپ ئۇنى رەخمەتكە،
يولغا بوپتـۇ راۋان،
ئېشىپتۇ تاغۇ ـ داۋان...

4

قار لەپىلدەپ ـ قار يېغىپ،
كەك دالىغا ئىـز سىلىپ،
كەپتۇ سوغاق زىمىستـان،
بىزنىك مەمەت نـاتىۋان،
قار، شۇرغان باسقانـدا،

كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ؟!    قاناتلىرى ئالماچىنىڭ،
نەدە كۆرگەن پىقىرنىڭ،    شۇ سول پۇتى سۇنۇپتۇ،
شورلۇق يىتىم - يېسىرنىڭ،    دىلى غەمگە تولۇپتۇ...
بەختى گۈللەپ كۈلگەننى،    ئاچكۆز بېيىم ئالدىراپ،
ئۆتكۈزمەستىن شۇ دەمنى،    ئۇندىن - بۇندىن بىر باغلاپ،
ئۆتۈپ كېتەي مەمەتتىن -    قاراپ بالا قالغاچقا -
كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتىن!»    قاناتلىرى قىيغاچقا،
ئاچكۆز بېيىم ئالدىراپ،    ئۇ بىر مۇنداق سۆز دەپتۇ،
ھەر قەدەمدە بىر توۋلاپ،    مەسۇم دىلغا داغ ساپتۇ:
بۇيرۇق قىلىپ مالايغا،    «قالغاچ جان - قالغاچ،
ئۇگا ساپتۇ سارايغا...    نېمە بولدۇڭ ھەي ئاداش!
تۇتۇپ كېلىپ قالغاچنى،    جىمجىت ياتماي ئۇگاڭدا،
قاناتلىرى ئالماچنى،    ئىسسىق ئوت - چۆپ جۇگاڭدا،
قاراپ ياتار تۈنى كۈن،    سۇندۇرۇپسەن پۇتۇڭنى،
قالغاچتىن يوق بىر ئۈن.    كۆرەر بولدۇڭ كۈنۈڭنى.
يا ئۇگىدىن يېقىلماس،    پۇتلىرىڭنى مەن باغلاي،
باينىڭ كۆڭلى ئېچىلماس.    شۇ «رەھىمنى» ئۇنۇتماي،
باي ئويلۇنۇپ بىر ئىشنى،    ماڭا شادلىق، بەخت بەر،
قولغا ئاپتۇ چۈشقىنى...    ئىگىز راۋاق تەخت بەر!
بالىسىنى قالغاچىنىڭ -    ئۆتۈپ كېتەي مەمەتتىن -
قاناتلىرى ئالماچىنىڭ،    كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتىن».
ئاتتى يەرگە بېقىنلاپ،    بالىسىنى قالغاچىنىڭ،
كەتتى ئىغ جان تىپىرلاپ.    قاناتلىرى قالغاچىنىڭ،
ئەشۇ بالا قالغاچىنىڭ،    ئۇگىسىغا تاشلاپتۇ،

پىشانەلدىن بىر كـــۆرەي.
مەمەت ئېلىپ ئۇرۇقنـــــى،
ئېچىپ كەك بىر قورۇقنى،
شۇ ئۇرۇقنى تىكىپتۇ،
ئاي كۈننى كۈتۈپتۇ...

ئەشۇ «تىرىك مېيىت» قـا،
بەختۇ ـ ئامەت بېقىپتـــۇ،
توقلۇق تۇرمۇش يېقىپتۇ...

6

كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتـــۇ،
مەمەت بىر كۈن سەپ ساپتۇ،
يوغان تاۋۇز تۇرغانمىش،
ئاستا چېكىپ ئۇرغانمىش،
«پوك ـ پوك» ئىتىپ ئۈنلەپتۇ...
«ۋاقتىم يەتتى، يە ! » ـ دەپتۇ.
مەمەت سېلىپ داستىخان،
بالا ـ چاقا شادىـــــمان،
«بىسمىللاھ!» ـ دەپ شۇ مەمەت،
«پاناھىمغا مىڭ رەخمـــــەت!»
شۇ تاۋۇزنى تىلىپتـــــۇ،
ھەممە ھەيران جىمىپتۇ...
«قاراس» قىلىپ ئېتىلـــىپ،
ئالتۇن ـ گەۋھەر چېچىلىپ،
دوگا بـــولـــۇپ داســتىقاندا،
تاغ ـ تاغ بولۇپ تۇرغانمىش،
ھەممە خەندە ئۇرغانمىش،
ئۆز بەختىدىن شۇ ئانـــدا.
شۇندىن باشلاپ غېرىپقا ـ

كۈنلەر ئۆتۈپ كۆپ ئۆتمەي،
يېشىل ياپراق گۈل تۆكمـەي،
باي ئاڭلاپتۇ بۇ ئىشنـــــى،
ئويلاپ ھەردەم قىلمىشنى،
باي سوراپتۇ مەمەتتىن،
~~ئەشۇ ملادداھيورە كتىن،~~
«باي بولغاننىڭ باشىزىـــــن،
ئېيتقىن سۆزنىڭ جاشىزىن!»
بىزنىڭ مەمەت بىرمۇ ـ بىر،
قىلغان ئىشقا قوشماي كـــر،
قىپتۇ ئىشنىڭ باشىزىـــن،
قىپتۇ سۆزنىڭ جاشىزىن.
«توختا!» ـ دەپتۇ ئاچكۆز باي،
كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلالمـــاي،
ئىچى ئاداپ خۇن بولـۇپ:
«ئەشۇ پېقىر مەن تۇرۇپ،
بار دۇنياغا ئېرىشســـــــە،
يوقسۇل بىغەم كۈلۈشسە،
قانداق يۈرەي باش تۇتۇپ،

ئاچ كۆز بېيم ئالدراپ،
بۇيرۇق قلپ مالايغا،
داستقان ساپتۇ سارايغا.
ئشگنى چڭ ئتپ،
ئۆشبۇ ئشنى سر قلپ،
شۇ تاۋۇزنى تلپتۇ،
ئۆزى ھەيران جمپتۇ...
ئالتۇن ئەمەس بر بالا...
ئلان، چايان، يا خۇدا،
باي ئۆينى بېسپتۇ،
باي نەپسگە قېنپتۇ...

ئەقلى راسا پر دانا،
ئۆتكەن ئشنى ئويلۇنۇپ،
دەپتۇ ئاستا ئۇ تۇرۇپ:
«ئاڭلا، - دەپتۇ، - خالايق!
سۆزۈم ھەق يا نالايق،
تەرگنڭنى ئورارسەن،
دوستقا قلما يامانلق.
كۆپ ئشلارنى كۆرەرسەن،
ئۆلمگنڭ دولانلق!»

1971 - يلى، قش. غۇلجا -
ئوبلاست تۈرمسى.

8

دولان ئېلى شۇ كۈزنى،
كۈزنڭ ئللق بر تۈنى،
قۇتۇلغاچقا بالادن،
ئاچلق، خورلۇق، قازادن،
ئاش تارتپتۇ توي قلپ،
ئۆز كۆڭلنى شاد قلپ.
ئاشۇ تويدا- سورۇندا،
ئادەم تولا گەۋجۇمدا،
بار ئكەندۇق بر دانا،

ئەزىز جاننى خارلاپتۇ،
ئانا قالغاچ كــەچقۇرۇن،
ئۇچۇپ كەپتۇ بىر قۇيۇن.
كۆرۈپ مەجروھ باغرىنى،
ئاستا ئىچىپ ئاغــــزىنى،
شۇنچە غەمكىن سايــراپتۇ،
ھەسرەت چېكىپ زارلاپتۇ...
ئاگاھ بولۇپ بار ئىشتىن،
بىزار بولۇپ شۇ ئىشتىن،
«تەرگىنىڭنى ئورارســەن»،
سەنمۇ بىر كۈن كۆرەرسەن!
دەپتۇ قالغاچ غەزەپتــە،
كۈن ئۆتۈپتۇ ھەسرەتتە...
كۈزمۇ كەپتۇ ئاز قالمــاي،
ئاچكۆزلۈكتە قانخور باي،
ئۇزۇنتۇپتۇ قالغاچنى،
قاناتلىرى ئالماچنى.
«بارىكاللا!» ـ دەپ پەمگە،
قىشتا يۈرۈپ بــەزمــدە،
كۈتۈپ ئاپتۇ باھـــارنى،
كەتكۈزۈپتۇ ئاق ـ قارنى...

7

بىر كۈن كەپتۇ قالغىچى ـ
شۇنچە كۈتكەن ئارمىنى.
تۇمشۇقىدا دان كـــۆرۈپ،
قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ شاد كۈلۈپ،
دەپتۇ بېيىم ئالدىـــراپ،
تويماس نەپسى تاقىلداپ:
«بەرگىن تىزراق شۇ داننى،
قىنىماستىن بۇ جاننـــــى.
تېرەي چۈشسۇن تاۋۇزۇم،
قانسۇن مېنىڭ ئارزۇيـۇم،
ئۆتۈپ كېتەي مەمەتتـــــن،
كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتىن!»
قالغاچ بايغا بىر قاراپ،
قاناتلىرىن شوخ تاراپ:
«ئالغىن! يەتكىن مۇراتقا،
قىنالمىغىن ئازاپتـــا...»
دەپتۇ قالغاچ دان بىرىپ،
قاناتلىرىــن بىر قېقىپ.
بېيىم ئېلىپ ئۇرۇقنــــى،
ئېچىپ كەڭ بىر قورۇقنى،
شۇ ئۇرۇقنى تىكىپتۇ،
ئاي كۈننى كۈتۈپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ،
بېيىم بىر كۈن سەپ ساپتۇ:
تاۋۇز تۇرار پاقــراپ،